بۇ جىھادقا نۇرغۇن كىشىلەر قاتنىشىپ نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بەردى. قېرىندىشىمىز نۇرۇددىن ھازىر لاگىرنىڭ رەھبىرى.ئۇنىڭ دادىسى ئىئوردانىيەنىڭ ۋەزىرى.ئۆزى بولسا ئوممانىدىكى بىر چوڭ شىركەتنىڭ تارماق شىركىتىنىڭ لىدىرى ئىدى.ئىسكەندەرىيەدە ئوقۇغان.شۇنداق تۇرۇغلۇق بىرىنچى قېتىم بۇيەرگە كېلىپ بىرنەچچە سۈرەتلەرنى تارتىپ كەتكەن ئىدى.ئوممانغا بېرىپ ئۆيىنىڭ قېشىدىكى مەسجىدتە خۇتبە سۆزلەپتۇ،ۋە ئەتىسى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ:« مەن ئافغانىستانغا بارىمەن.»دېدى.ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە:«مەن ئافغانىستانغا بارماقچى.مېنى ئىزدىمەڭلار.»دەپ خەت قالدۇرۇپ،ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ كەتتى.بىز ئۇنىڭغا مىڭ روپىيە مائاش بېرىۋاتىمىز.يەنى ئايدا ئىككى يۈز رىيال دېگەن گەپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئۆز جېنىنى دوغا تىككەن كىشىلەر بىلەنلا يۈرۈشىدۇ.مەنپەرەتپەرەسلەر بىلەن ھەرگىز ئىش يۈرۈشمەيدۇ.بۇ اللە ئەززە ۋە جەللە ئۈچۈن بولىدىغان جىھاد ئەمىلىمۇ پەقەت قۇربانلىق ۋە ئۆزى بېغىشلاش بىلەنلا داۋاملىشالايدۇ. ۋاز كېچىش روھى بولىشى

كېرەك. ئەھلىدىن،نەپسىدىن ۋە ماللىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان بولىشى كېرەك. ئىنسان يا ئۇممەتنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ياكى نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرى ئۈچۈن غەم يەيدۇ. شەيخ تەمىم ئەدنانىنى بەزىلەر ئۇنىڭ سەئۇدىدىكى خىزمىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن كەپتۇ. ئۇنىڭ سەئۇدىدىكى ئايلىق مائاشى يىگىرمە بىرمىڭ رىيال ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا تۆتمىڭ رىيال كۆپەيتىپ،يىگىرمە بەشمىڭ رىيالغا ئۆستۇرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا،ئۇ :«اللە بىلەن قەسەمكى،ئۇلار ماڭا ھەر ئايدا يۈزمىڭ رىيال (220مىڭ يۈەن ـ ت) بەرگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز جىھادتىن قايتمايمەن.»دېدى. ئەمىلىيەتتە ئۇ قەرىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۋاتاتتى. ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتاردا قويۇپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە پۇل قەرزى بارلىقىنى اللە ئەززە ۋە جەللىدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدۇ. بىر نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن ياتاقتا ئولتۇراتتۇق. بىر قېرىندىشىمىز ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىشىمنى سوراپ كەلدى. شەيخ تەمىم يىغلاپ كەتتى. ئۇ ھەردائىم قېرىنداشلىرىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى كۆرسە يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ قېرىندىشىمىز چىقىپ كەتكەندىن كىيىن،ئۇ:«ئۇنىڭ قەرزىنى مېنىڭ ھىساۋىمغا يېزىپ قويۇڭ.»دېدى. مەن:« سېنىڭ ئەللىك مىڭ دەرھەمدىن ئارتۇق قەرزىڭ بار. بۇنى قانداق تۆلەيسەن.»دېسەم،ئۇ:«اللە تۆلەيدۇ.» دېدى.......»

مانا يۇقارىقىدەك بىر سەمىمى تايانچلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئىسلام تەربىيەسىنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر.

3ـ بىخەتەرلىك جەھەتتە: بۇ جامائەت كۆلىمى كىچىك،تارقىلىش دائىرىسى تار بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا جامائەتلەرگە قارىغاندا بىخەتەررەك بولىسىمۇ،بەزى نۇقتىلارغا دىققەت قىلمىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەتەرلەرنى يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1). ئەزالار بۇ جامائەتنى ئۆزئالدىغا پىروگرامىسى بار مۇنتىزىم تەشكىلات دەپ قارىماستىن،كىچىك بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى دەپ قاراش.

2). بۇ گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنىڭ سانىنى ھەددىدىن ئاشۇرۋەتمەسلىك،دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك،ئەگەر بۇنىڭغا ئېھتىياج تۇغۇلۇپ قالسا،باشقىلارغا ئىككىنچى بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ

بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىن يىراق تۇرۇش.
3).سىر ساقلاش تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەش.باشقىلار گەپكە سېلىپ قويسا ئاغزى بوشلۇق قىلىدىغان، تاغۇتلار بېسىم ئىشلەتسە،سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان لايغەزەللىككە قارشى تەربىيە ئىشلەش.شۇنداق ئىھتىماللىقى كۆچلۈك بولغان كىشىلەر بىلەن ۋاقتىنچە گۇرۇپپا ئىچىدە مۇناسىۋەت قىلماسلىق.

4-تەشكىلچانلىق جەھەتتە: بۇ جامائەتلەر كىچىك بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بولغان بىلەن يەنىلا اللەنىڭ «ئۆزەڭلارنىڭ ئۈستىدىكى ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.»دېگەن بۇيرۇقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى ئاساسىدا ئۇيۇشقان،دىنىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپى بولغان ئىتائەت ۋە ئىتائەت قىلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇد بولغان ئىسلامى جامائەتتۇر.شۇنداق بولغاچقا بۇ گۇرۇپپا ئىچىدىكى ئىتائەت مەسىلىسى يەنىلا سالمىقى زور،مەسئۇلىيىتى ئېغىر مەسىلىدۇر. بۇنى كىچىك ساناش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق ھەرگىز يەڭگىل مەسىلە ئەمەس.دەسلەپ قىزىقىپ ئىش باشلاپ قويۇپ،ئېغىر ئىشقا تەكلىپ قىلىنغاندا،اللەنىڭ ئىتائەت توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرنى ئۇنتۇپ،ئۆكتە قوپۇش ئىمان مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.بۇ جامائەتتىن ئېغىر مەسىلە چىقمىغان شارائىتتا،جامائەتنى بۆلۈش ۋە ئىتائەتتىن باش تارتىش جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلۈشكە سەۋەپ بولمايدۇ دېيەلمەيمىز.شۇنىڭ ئۈچۈن ھەبىر ئەزالار اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن كېيىنلا ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىكى دەل مۇشۇ جامائەتنىڭ يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان تونىشى ۋە ھەرقانداق دۇنيا ئىشلىرىدىنمۇ بۇ ئىتائەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويىشى كېرەك.مۇشۇنداق بولغاندا بۇ مۇنتىزىملىق ئىچىدە كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرگىدەك مۇسۇلمان شەخسلەر بارلىققا كېلەلىشى مۇمكىن.

مانا بۇ بىزنىڭ چوڭ جامائەتنىڭ ئۇل ئاساسى بولغان كىچىك جامائەت توغرىسىدىكى تەۋسىيەلىرىمىز.بۇ ھەركىم قىلالايغان ئىش.شۇنىڭ ئۈچۈن جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلۈشنى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشتىن يامان كۆرىدىغان،پەيغەمبەرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداشنى جاندىن ئەزىز بىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەممەيلەن قىلالايدىغان ئىشقا ئاتلانسۇن!.ئىش سەممىيەت بىلەن باشلانسا ۋە جايىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە،اللە ئويلىمىغان جايدىن ئىشلارنى ياخشىلاپ

بىرىشى مۇمكىن. شۇبھىسىزكى اللە ئەڭ ياخشى رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر.

**«كىمكى اللەتىن قورقىدىكەن،اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى اللەقا تەۋەككۈل قىلسا،اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يەتكۈچىدۇر. اللە ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىگە مۇئەييەن مىقدار،مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى.»**(سۈرە تالاق 2 ـ 3 ـ ئايەتلەردىن)،

# ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش

بىز بۇتوغرىسىدا يۇقارقى بابتا مەلۇم چۈشەنچىلەرنى بەرگەن ئىدۇق. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ نېمە مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى تولۇقلىمىلارنى بېرىمىز:

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:**«ئى مۆئمىنلەر!،اللەقا،پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»**(سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتتىن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«سىلەرگە بېشى قارا ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان ھەبەشلىك قارا قۇل رەھبەر بولسىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«كىم سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىر كىشىگە مەركەزلەشكەن ۋاقىتتا كېلىپ،سىلەرنىڭ بۇ تۇتقۇڭلارنى يېرىۋېتىشنى ياكى جامائىتىڭلارنى پارچىلىۋېتىشنى ئىرادە قىلسا،ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.»(مۇسلىم 3443)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى ئىتائەتتىن چىقىدىكەن،ۋە جامائەتتىن بۆلۈنىدىكەن،ئۆلسە جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.......»دېگەن. (مۇسلىم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى ئىتائەتتىن قولىنى تارتىۋالىدىكەن،قىيامەت كۈنى اللەقا ھۆججەتسىز ئۇچرىشىدۇ.كىم بەيئەتسىز ھالدا ئۆلسە،جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.»دېگەن. (مۇسلىم)

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«مۇسۇلمان كىشى ئۇچۇن گۇناھقا بۇيرۇلمىسىلا،ياخشى كۆرگەن ياكى يامان كۆرگەن ئىشلاردا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا،ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.» .(ئىمام بۇخارى 6611)،

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا،اللەقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا،اللەقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.كىم ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا،ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.كىم ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.»(ئىمام بۇخارى 3417)

يۇقارقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى ئىبارەتلەرنىڭ كەسكىنلىكىدىن ئىتائەت مەسىلىسىنىڭ ئاددى مەسىلە ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيمىز.ھەقىقەتەن بۇ دىنىمىزدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى.لېكىن ھازىرقى زاماندىكى خەلىپىلىك ئاستىدا ياشاشتىن مەھرۇم قالغان، ئىسلامى مۇھىتنى كۆرۈپ باقماي ئۆسكەن مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىنى تازا ئايدىڭ چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ.دىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدە خېلى يېتىلىپ قالغان تەقۋادار قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئىتائەت ھەققىدە تۇزۇك بىر چۈشەنچىگە ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىققا ئىگە ئەمەس.ئۇلار ۋاقتى كەلسە ئىتائەت قىلالايمەن دەپ ئويلايدۇ،لېكىن بىرەرسىگە كەڭچىلىكتىمۇ،تارچىلىقتىمۇ بويسۇنۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆنمىگەن كىشىگە نىسبەتەن بۇ ئاسانغا توختىمايدۇ.مانا ھازىرمۇ بۇ ئىتائەت مەسىلىسىنى توغرا تونۇماسلىقتىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەرنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمىز. بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمىرنىڭ بەزى خاتالىقلىرىغا سەۋر قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ،ئەمىرگە قارشى چىقىپ،مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بۆلىۋاتىدۇ.(بۇنداق كىشىگە شەرىئەتتە ئۆلۈم جازاسى كېلىدۇ.) .يەنە بىرى بولسا ئىتائەتنىڭ پەقەت ياخشى ئىشلاردىلا بولىدىغانلىقى،يامان ئىشقا بۇيرۇلسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى،ئەگەر ئەمىر ئىسلامنىڭ پىرىنسىپال مەسىلىلىرىدە چەكتىن ئاشسا،ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ،تەرەببۇز،قارىغۇ گورۇھلارنى بارلىققا كەلتۈرىۋاتىدۇ.مانا بۇ ئىككى تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن خاتالىق ئىسلامى

جامائەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلاردۇر.

بۇ خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئىتائەتنىڭ نېمىلىكى، ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە بولىدىغانلىقى،ئىتائەتتىن چىقىشنىڭ شەرتلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىق،كىمگە ئەگىشىش،كىمدىن يىراق تۇرۇشنى ئايرىيالىغۇدەك بىر ساپانى ھازىرلىشى كېرەك.

ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىش ئۇلار بۇيرۇغان ھەرقانداق بىر ئىشلارنى پۈتۈن ئىقتىدارنى ئىشقا سېلىپ ئورۇنلاشتۇر. بۇ ئىش مەيلى كۆڭۈلگە خوش ياقىدىغان،ياكى ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولسۇن بويۇنتاۋلىق قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇسا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولماستىن قەتئى ھارام بولىدۇ.مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ بارلىق ئىتائەت تىزگىنىنى مۇسۇلمان ئەمىرگە تاپشۇرۇش پەرىز ئەمەلنىڭ قاتارىدىندۇر.

***ئىتائەتنىڭ شەرتلىرى:***

1 ـ ئەمىر مۇسۇلمان بولغان بولۇش:بۇ ئەسلى ئىزاھلاشقا ھاجەت چۈشمەيدىغان بىر شەرت ئىدى.لېكىن بىر قىسىم تاغۇتلارنىڭ يالاقچى موللىلىرى اللە تائالانىڭ سۇرە نىسانىڭ 59 ـ ئايىتىنى خالىغانچە تەپسىر قىلىپ، «ئۇستۇڭلاردىكى ئىش ئىگىلىرى» دېگەننى ئۆزى ياشاۋاتقان جاھىلىيەت جەمىيەتلىرىدىكى تاغۇت پادىشاھ ـ ھۆكۈمرانلار دەپ تەشۋىق قىلدى.ۋە پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىب دېگەن بۇزۇق سەپسەتىنى تارقاتتى.بۇ سەپسەتە ئىسلامنىڭ نە روھىغا،نە مەزكۇر ئايەتنىڭ دالالىتىگە توغرا كەلمەيدۇ.مۇشۇ ئايەتنىڭ تېكىستىغا نەزەر سالغاندىمۇ «ئۆزەڭلاردىن بولغان...»دېگەن سۆزنىڭ پەقەت «سىز مۇسۇلمانلاردىن بولغان» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەخپى ئىش ئەمەس.شۇڭا بۇ سەپسەتىگە ئالدىنىپ قېلىۋاتقان ياكى بۇ سەپسەتىدىن پايدىلىنىۋاتقان قارانىيەت كىشىلەر قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ قويسۇنكى،بۇ ئىش ئىگىلىرى پەقەت اللەنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان،مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدىغان مۇسۇلمان رەھبەردۇر.بۇ سالاھىيەتكە ھەتتا ھازىرقى ئىسلام نامى بىلەن دەۋر سۈرۈۋاتقان ئاتالمىش «ئىسلام»دۆلەتلىرىنىڭ شەخسى تۇرمۇشىدا ۋە بەزى مەسىلىلەردە قۇرئانغا ئەگىشىپ قويىدىغان،بەزى مەسىلىلەردە ئۆز خاھىشى،ياكى غەيرىلەرنىڭ قانۇنىغا تايىنىدىغان تاغۇت ھاكىملىرىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بۇلار بۇ

تاغۇتلىقىنى توختاتمايدىكەن،ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،بويسۇنۇش ئەمەس،بەلكى ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش پەرىز ئەيىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ساختا قىياپەتلىرى ۋە شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ،ئېنىق كۇفرى،شېرىك قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقمىغانلار پەقەت شۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىك بولىدۇ.ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى ئاشكارە جاكارلاۋاتقان ھاكىملارغاكەلسەك،بۇلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىگەنلەر ئىككى ياشلىق بالىسىدىن سوراپ بىلىۋالسۇن!.بۇ بەك مۇھىم مەسىلە.پۈتكۈل ھاياتىدا بىر كاپىرغا ئىتائەت قىلىپ ياشاش بىر مۆئمىن ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ يوقىتىش.

2-بۇيرۇلغان ئىش الله يول قويغان ئىش بولغان بولۇش:ئىتائەت مەئرۇف-ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتكە بۇيرۇلسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.بۇنداق بولىدىكەن،شۇ ئىشنى بۇيرۇغىچىغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.بۇ مەيلى قوشۇننىڭ رەھبىرى،مەيلى خەلىپە بولسۇن ياكى مەيلى ئاتا-ئانا،ئۇستاز-ئۆلىمالار بولسۇن مەئسىيەتتە ئۇلارغا بويسۇنۇش ئۇلارنى اللەتىن باشقا بىر ئىلاھ دەپ بىلگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«خالىق (ياراتقۇچى)غا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ،مەخلۇق (يارالغۇچى)غا ئىتائەت قىلىش يوق.»دېگەن.بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر توپلاملىرىدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ،تەكرار-تەكرار بايان قىلىنغان.شۇڭا بۇ مەسىلىدە مەيدان ئوچۇق بولىشى كېرەك.بۇيرۇغۇچىنىڭ ئابرويى،ھوقۇقى ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن الله نارازى بولىدىغان ئىشنى بىجىرگەن بولسا اللەغا شۇ كىشىنى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ زور شىجائەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش.تاماخورلۇق ۋە رىيا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەردىن بۇنداق ئۇلۇغ نەتىجە كۈتكىلى بولمايدۇ.دەل مۇشۇنداق كىشىلەر ئەمىرلەر ۋە ئالىملارنى ئۇلارغا قۇللۇق بىلدۈرۈۋېرىپ تاغۇت دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويىۋاتىدۇ.قەلبىدە كېسەللىك بار كىشىلەرنىڭ ئەمىرلەرگە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقى مۆئمىن كىشىنى ھەق يولدىن تايدۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك.

3-ئەمىردىكى پىرىنسىپقا ياتمايدىغان خاتالىقلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى چەكلەپ قويالمايدۇ:ئەمىر دىنىنىڭ پىرىنسىپلىق مەسىلىلىرىدە چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئاشكارە شېرىك ۋە كۇفرى

ئاالامەتلىرى سادىر بولمايدىكەن،ئۇنىڭ بەزى ئىشلاردا خاتالاشقانلىقى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىققا ۋە قارشى چىقىشقا سەۋەب بولالمايدۇ. ئەمىرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن ئىتائەتنى تەرك ئېتىپ،جامائەتنى پارچىلاش ئاشكارە ئازغۇنلۇقتۇر.بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىرنەچچە ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىم ئۆز ئەمىرىنىڭ بىرەر ئىشىنى يامان كۆرسە،سەۋرى قىلسۇن. كىمكى ئەمىردىن بىر غېرىچ يىراقلىشىدىكەن،ۋە بۇھالەتتە ئۆلىدىكەن،جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئۇ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ ئىمام(ئەمىرلىرىڭلار)نىڭ ياخشىسى سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان،ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان،سىلەر ئۇلارغا رەھمەت يوللايدىغان،ئۇلارمۇ سىلەرگە رەھمەت يوللايدىغانلاردۇر.يامىنى بولسا سىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان،ئۇلارمۇ سىلەرنى يامان كۆرىدىغان،سىلەر ئۇلارغا لەنەت قىلىدىغان،ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت قىلىدىغانلىرىدۇر.»ئۇنىڭغا:«يا رەسۇلۇللاھ!،ئۇنىڭغا قېلىچ بىلەن جەڭ ئىلان قىلامدۇق؟.»دېيىلگەندە،ئۇ:«ياق.ئۇلار مادامىكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا نامازنى ئادا قىلىدىكەن،ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.سىلەر ئۆز رەھبىرىڭلاردىن يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسەڭلار،ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى يامان كۆرۈڭلار.لېكىن ئىتائەتتىن قول تارتماڭلار.»(مۇسلىم رىۋايىتى)

سەلمە ئىبنى زەيىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:«ئى اللەنىڭ ئەلچىسى!،ئەگەر بىزگە بىزدىن ئۆز ھەققىنى سورايدىغان،بىزنىڭ ھەققىمىزنى چەكلەيدىغان ئەمىرلەر باش بولۇپ قالسا،بىزنى نىمىگە بۇيرۇيسەن؟.»دەپ سورىۋېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.ئۇ يەنە سورىۋېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە سورىۋېدى،ئەشئەت ئىبنى قەيس ئۇنى تارتتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار.ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەندىن سورىلىدۇ. سىلەرمۇ ئۆزەڭلارغا يۈكلەنگىنىدىن سورىلىسىلەر.»(مۇسلىم 4888)،

مانا بۇ ھەدىسلەردىن ئەمىر ۋە ئىتائەت مەسىلىسىنىڭ مۇسۇلمان جامائىتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى

كۆرۈۋالالايمىز.«ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە،سەلەپ سالىھلارنىڭ ئەقىدىسى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان:«ئەھلى سۈننەت ۋە لجامائە:ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىش ئەقىدە ئاساسلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى.بۇ ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شەرئى پەرز.چۈنكى بۇ ئىسلامى دۆلەت تەشكىللىنىنىڭ مەۋجۇدلىقىنىڭ ئاساسى.» دەيدۇ، ۋە:«ئەمىر ياخشى ياكى يامان بولسۇن بەش ۋاقىت ناماز،جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ.ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش،جىهاد ۋە ھەجلەر ئۇلار بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە راۋرۇس بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ.ئۇلاردا كۇفرىدىن باشقا بىر ئەيىپ كۆرۈلگەندە،ئۇلارغا قارشى قېلىچ بىلەن قارشى چىقىش ھارام. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئاشكارە كۇفرىلىق كۆرۈلمىگۈچە،ئۇلارغا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بويسۇنۇشقا بۇيرۇغانلىقتىن،بۇ ئىشلارغا سەۋر قىلىش كېرەك.بىرەر پىتنە سەۋەبتىن ئۆرۈش قىلىشقا بولمايدۇ.ئۈممەتنىڭ ئىشى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئۇنى بۆلۈشنى ئىرادە قىلغانلار ئۆلتۈرۈلىدۇ.»دەپ قارايدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىرگە قارشى چىقىشتا يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ.ئاشكارە كۇفرى بولمايدىغان ئىشلاردا بىرلىكنى ساقلاش مۇھىم.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق كۆرسەتمە بەرگەندىن كېيىنمۇ،سەۋرى قىلالمىغانلار، سۆزمەنلىك قىلىپ جامائەت ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى تېرىپ جامائەتنى بۆلگەنلەر ئىمانىنى بىردەملىك ھېسياتىغا تېگىشكەنلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ ئىتائەت جانلىق بولۇش: يۇقارقى مەزمۇنلاردىن ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ۋە جىددى بولغان ئىمانى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۆتتۇق.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتائەت ناھايىتى جىددى ۋە جانلىق بولىشى كېرەك.بۇيرۇقلارغا سەل قاراش، سۆرەلمىلىك قىلىش ۋە سۇس مۇئامىلىدە بولۇش ئىتائەت روھىغا زىت كېلىدىغان ئاجىزلىقتۇر.ئىتائەت كۆڭۈل خالىغان ياكى خالىمىغان،ئىنسان ياخشى كۆرىدىغان ياكى يامان كۆرىدىغان ئىشلاردا ئوخشاش ئىتائەت قىلىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.يەنە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ،بۇيرۇلغان ۋەزىپىلەرنى سەممىيلىك بىلەن جىددى،تىز بېجىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.مانا مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن بۇنى «ئىتائەت» دېيەلەيمىز.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

«قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىقتا،كۆڭلۈك تارتقان ۋە يامان كۆرگەن ۋە ساڭا زىيىنى بولغان ۋاقىتلاردىمۇ ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش ساڭا ۋاجىب بولىدۇ.»(مۇسلىم 4860)

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن گۇناھقا بۇيرۇلمىسىلا،ياخشى كۆرگەن ياكى يامان كۆرگەن ئىشلاردا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا،ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.».(ئىمام بۇخارى 6611).

ساھابىلەر مۇنداق دېيىشەتتى:«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسلىك ۋە ئاسانلىقتا،كۆڭۈل تارتقان ۋە يامان كۆرگەن ۋاقىتلاردا ۋە بىزگە زىيىنى بولغاندىمۇ ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا،ئىش ئىگىلىرى بىلەن نىزا قىلماسلىققا، نەدە بولساق پەقەت ھەق بىلەن سۆزلەشكە،اللە يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت بەرگەن ئىدۇق» (مۇسلىم 4874).

دېمەك بىر مۆئمىن ئۈچۈن مەيلى چوڭ خەلپىلىكنىڭ بۇيرۇقى بولسۇن،ياكى كىچىك بىر جامائەت رەھبىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بولسۇن،ئوخشاشلا كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلغان تەقدىردىمۇ،تىرىشىپ بىجا كەلتۈرۈش پەرزدۇر.بۇيرۇلۇپ بولۇنغاندىن كىيىن،«مەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس،مەن قىلالمايتتىم.بۇ ئىش ماڭا ياقمىدى. پىكرىمگە توغرا كەلمىدى.ئىددىيەمدىن ئۆتمىدى.....»دەپ بويۇنتاۋلىق قىلىشقا قەتئى رۇخسەت يوق.بەزىلەر باشقىلارنى ئۆزىنىڭ بۇخىل بولمىغۇر ھەركىتىدە سۆزمەنلىك قىلىپ قايىل قىلسىمۇ،يەنىلا ئىتائەتتىن باش تارتقان ئاسىي قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ.

مانا بۇلار بىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىتائەتتىن ئىبارەت ئىمانى مەجبۇرىيەتنىڭ شەرتلىرى.كىم بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىيالىسا،بۇ نۇقتىدىكى ئىمانى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.بۇ ئىمانى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەس كەلسىمۇ،قانچە قىينالسىمۇ،روھى جەھەتتىن ئېغىر كەلسىمۇ چوقۇم قۇربانلىق بىرىش كېرەك. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى،بىز پەقەت بەرگەن قۇربانلىقىمىز بىلەنلا اللەنى رازى قىلالايمىز.

# ھىجرەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ۋەسىيەتلىرىنىڭ تۆتىنچىسى ھىجرەت بولۇپ، تۆۋەندە اللە خالىسا ھىجرەتنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

ھىجرەتنىڭ لۇغەت مەنىسى «كۆچۈش» دېگەن بولۇپ،ئىسلام دىنىدىكى مەنىسى:- مۇسۇلمان تۇرۇۋاتقان زېمىندا دىنىنى تۇرغۇزۇشقا،ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشقا شۇ زېمىندىكى ۋەزىيەت تۇپەيلىدىن قادىر بولالمىغان چاغدا،ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قالالايدىغان ۋە دىنىي ئەھكاملىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان زېمىنغا كۆچۈپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.بۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن مەسىلە بولماستىن،بەلكى ئىمانىنىڭ مۇھىم بىر تەقەززاسىدۇر.

ھىجرەتنىڭ ئىككى مۇھىم مەقسىدى بولۇپ،بۇ مەقسەتنى چىقىش قىلمىغان ھىجرەت، ھىجرەت دەپ ھىساپلانمايدۇ:

بىرىنچىسى:ئۆز ئېتىقادىنى ۋە دىنىنى ساقلاپ قېلىش.

ئىككىنچىسى:ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارغا تولۇق يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولىۋاتقان بارلىق كۈچلەرنى يۇلۇپ تاشلاش يولىدىكى جىھادى ھەرىكەتكە تەييارلىق قىلىش.

يۇقارىقى ئىككى مەقسەت مەقسەت قىلىنمىغان ھەرقانداق كۆچۈش-پەقەت ساياھەت ياكى ئاددى بىر سەپەرلا خالاس.بۇ ئارقىلىق ھىجرەت ساۋابىغا ئېرىشكىلى ۋەياكى ھىجرەت مەقسەتلىرىنى ئورۇنلاپ،ئىمانى مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.تۆۋەندە بىز بۇ مەسىلىلەرگە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىمىز:

## بىز نېمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلىمىز؟

بىز بۇ مەسىلىنىڭ ئەينى ئۆزىگە كىرىشىشتىن ئاۋۋال،اللە تائالانىڭ مەككىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتقادىنى قوغداشقا تولۇق قادىر بولالمايۋاتقان، مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھەركۈنى ھەرخىل قىيناشلارغا دۇچ كېلىۋاتقان، ئىمان ئېيتسا ئازاپلانغان،ئازاپلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىماندىن ۋاز كېچىش شەرت قىلىنىۋاتقان، خاتىرجەم

ھالدا اللە قا ئىبادەت (يەنى ئىبادەتنىڭ ئومومىي مەزمۇنى بىلەن)قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقان بىر يەردە نازىل قىلغان بىر ئايىتىنى،ۋە بۇ ئايەت دالالەت قىلىۋاتقان مۇھىم مەزمۇنلارنى ئومۇمى بىر تەھلىل قىلىمىز.اللە تائالا مەككىدە نازىل قىلغان سۈرە ئەنكەبۇتتا مۇنداق دەيدۇ:

**‹‹ئى مۆئمىن بەندىلىرىم!مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭرىدۇر،ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.››**(سۈرە ئەنكەبۇت 56 ـ ئايەت)

اللەنىڭ بۇ ئايىتىگە قاتتىق دىققەت نەزىرىمىز بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا بىز مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقىرالايمىز.يەنى اللە تائالا ھەرقانداق بىر مۆئمىن اللەقا قىلىدىغان قۇلچىلىق بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان شارائىت ئوتتۇرىسىدا بىر توقۇنۇش پەيدە بولۇپ قالسا،شۇ شارائىت غالىب كېلىپ ئۇنى شۇ ئىبادەتتىن توسۇپ قويىدىكەن، مۇئمىن كىشى بۇ مەسىلىنى شۇ شارائىت ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى تەڭلەپ،اللەقا قىلىنىدىغان ئىبادەتتىن ۋاز كېچىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلماسلىقى،بەلكى شۇ شارائىت قاپلاپ تۇرىۋاتقان ماكاندىن ۋاز كېچىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى جاكارلاۋاتىدۇ.مۆئمىن ئۇچۇن قايسى زېمىندا ياشاش مۇھىم ئەمەس، بەلكى اللەقا تولۇق ھالدا ئىبادەت ـ قۇلچىلىق،بويسۇنۇش ـ نى قىلىش مۇھىم. مۇئمىن كىشىدىن مەلۇم بىر زېمىندا ياشاش تەلەپ قىلىنمايدۇ.بەلكى اللەقا قىلىدىغان ئىبادەتنى تولۇق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.ئۇنىڭدىن سەن قايسى زېمىندا ياشىدىڭ؟ دەپ سورالمايدۇ.لېكىن اللەقا تولۇق ئىبادەت قىلالىدىڭمۇ؟،اللەنىڭ دىنىنى بەرپا قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرالىدىڭمۇ؟.... دېگەندەك سوئاللار چوقۇم سورىلىپ، قىلمىشلىرى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ......

اللە يەنە مۇنداق دەيدۇ:**‹‹ئېيتقىنكى،‹‹ئى(اللەنىڭ)مۆئمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا(يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ.اللەنىڭ يېرى كەڭدۇر(كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ يەرگە ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت چىداشلىق بەرگۈچىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېساپسىز بېرىلىدۇ.››**(سۈرە زۇمەر 10 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۇچۇن مۆئمىن كىشى مەيلى قايسى زېمىندا ياشىمىسۇن اللەنىڭ دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلغان ياكى قىلالمىغانلىقىنى شەرت

قىلىپ ياشىشى كېرەك. ئەگەر بۇ شەرت تېپىلمايدىكەن، شۇ جايدىن بۇ شەرت تولۇق تېپىلىدىغان زېمىنغا ھىجرەت قىلىشى پەرىز بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بەزى دىنى ئەھكاملارنى قىلالىغانلىقىغا سۆيۈنۈپ ياشىغان، يەنى يامانلىق ئىچىدىكى ياخشىلىققا ئالدىنىپ ياشىغان كىشى اللەنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ نىجاد تاپالمايدۇ. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە پەتىۋا تېپىپ، اللەنىڭ دىنىغا خىلاپ بولىدىغان ئىشلارنى ‹‹ئامال يوق››دەپ بىمالال قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى اللەنىڭ ئەپۇ دەپتىرىگە ئەمەس، بەلكى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ يامانلىق دەپتىرىگە بىرمۇ ـ بىر خاتىرلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ  اللە تائالا قۇرئاندا بايان قىلغان تۆۋەندىكى كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

**‹‹كىشىلەرنىڭ نامۇ ـ ئەمەللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار:‹‹ۋاي بىزگە! بۇ نامۇ ـ ئەمەلگە چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرلىنىپتىغۇ؟››دەيدۇ. ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ نامۇ ـ ئەمەلگە خاتىرلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.›› (سۈرە كەھف 49 ـ ئايەت)**

**‹‹سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ،؟. ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.››(سۈرە كەھف103 ـ 104 ـ ئايەتلەر)**

بۇ بىرمۆئمىن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىرمۇسىبەت. (اللەھەممەيلەننى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرسۇن!. قەلبلىرىمىزنى ھەقىقەتكە ئېچىۋەتسۇن!.)

بىز يۇقۇرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈچۈش ھاسىل قىلىۋاتقىنىمىزدا اللەتائالا نىڭ سۈرە نىسادىكى تۆۋەندىكى ئايىتى بىزگە بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن:

**‹‹ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار(يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ، كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:‹‹ (دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا)قايسى ھالدا ئىدىڭلار؟.›› دەپ سورايدۇ. ئۇلار:‹‹زېمىندا بىز دىننى بەرپا قىلىشتىن بوزەك قىلىنغان ئىدۇق››دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹‹ھىجرەت قىلساڭلار اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟››**

**دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغانلار)نىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدىگەن يامان جاي !. پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى اللە ئەپۇ قىلغاي، اللە ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.›› (سۈرە نىسا 97 ـ 99 ـ ئايەتلەر)**

ئەللامە ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە مۇنۇ بايانىنى كەلتۈرىدۇ: ‹‹زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ‹‹بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلماي مەككىدە قېلىپ قالغان، بەدرى كۈنى مۇشرىكلار بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىشقا (مەجبۇرى) چىققان، ئاندىن(ئۇرۇشتا)ئۇلاردىن بەزىسى ئۆلتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشتى››. بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ توسالغۇ بولىشى بىلەن دىنى ئىشلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىسىمۇ، ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ھىجرەت قىلماي، كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بويىچە ئېيتقاندا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى، بىر ھارام ئىشنى قىلغۇچى ھېساپلىنىدۇ.››

بىز بۇ ئايەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىر تەھلىل قىلساق، بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئايەت ۋە بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىمىزدە، ھىجرەت قىلمىغان مۆئمىنلەرنىڭ دوزاخقا مەھكۇم بولىشىدىكى ئىككى ئاساسلىق سەۋەپنى يېغىنچاقلىيالىشىمىز مۇمكىن:

1 ـ ئۇلار ھىجرەتكە قادىر تۇرۇپ، اللە نىڭ بۇ پەرىز قىلغان ئىبادىتىنى ئورۇنلىماي، اللەقا ئاسى بولغان.

2 ـ ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشى پەقەتلا ھىجرەتنى تەرك ئېتىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھىجرەت قىلماي كاپىرلار بىلەن بىللە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھايات داۋامىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا كاپىرلارنىڭ بېسىمى ۋە شارائىتلارنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن پەرىز ـ ۋاجىپاتلارنى قىلالمىغان، نۇرغۇن ھارام ـ كۇفرى ئىشلىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن بولىشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىچە‹‹بىز ئاجىز كەلدۇق، اللە ئەپۇ قىلار››دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشكەن

بولسمۇ،لېكىن بۇ اللەنىڭ ئالدىدا ئۆزرە بولالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار اللەنىڭ دەرگاھىغا جەھەننەمگە لايىق كەلگۈدەك يامان ئەمەللەر بىلەن كەلگەن بولىشى مۇمكىن.(اللە ھەممىنى ئۆزى بىلگۈچىدۇر.)ئۇلار ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن،اللە ئۇلارنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكلىرىنى ھىساپقا ئالماي،ھەربىر قىلمىشلىرىدىن ئىنچىكە ھىساپ ئېلىش ئارقىلىق جەھەننەمگە كىرىشكەن بولىشلىرى بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنالىرىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ.

بىز اللەنىڭ بۇ ئايەتلىرىدىن شۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقىرالايمىز:ـكۇفرى دىيارىدا تۇرغۇچى مۇسۇلمانلار ھۆكۈم جەھەتتىن ئىككى تۈركۈمگە بۆلىنىدۇ:

بىرى ھىجرەت قىلىشقا قادىر كىشىلەر.

يەنە بىرى ھىجرەت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەر.

بۇلارغا شەرىئەتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ھۆكمى مۇنداق:

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ھىجرەت قىلىشقا قادىر كىشىلەر بىرىنچىدىن:ئەگەر ئىسلامى جامائەت رەھبىرى تەرىپىدىن بىرەر ئىشقا تەيىنلەنمىگەن بولسىلا ئۇ بۇ كۇفرى زىمىنىدا ھارام ئۈستىدە تۇرغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن:ئۇلارغا ھېچقانداق بىر ئىشتا كەڭچىلىك بىرىلمەيدۇ. مەجبۇرلانغان ھالەتلىرى ھىساپقا ئېلىنمايدۇ.ئەگەر ئۆزـئۆزىگە پەتىۋا تېپىپ،ئامال يوق دەپ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىۋەرگەن بولسا،اللەنىڭ ئالدىدا سوئال ـ سوراق قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتكۇل تۇرمۇشىدا خۇددى ئىسلامى دۆلەتتە ياشىغاندەك ياشىشى كېرەك.لېكىن بۇ ھىجرەتنىڭ شەرئى جەھەتتىن پەرىزلىكى ۋە ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى مۇھىم بىر مەقسىتى(اللە يولىدا جىھاد قىلىش) نىڭ(بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز) بولغانلىقى ئۈچۈن،يەنىلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھىجرەتنى ساقىت قىلالمايدۇ.ئۇ يەنىلا ھارام ئۈستىدە داۋاملاشقان بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ھىجرەت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەر، بىرىنچىدىن:ئۆزىنى بۇ سالاھىيەتكە پەقەت ھىجرەت ئۈچۈن خېلى ئۇبدان تىرىشقاندىن كىيىن ئىگە دەپ قارىشى كېرەك.يەنى ھىجرەت قىلىشقا قادىر،ياكى ھىجرەت قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكى ئەمىلىيەت ئاساسىدا ئىسپاتلانمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى اللەنىڭ

ئەپۇ قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. ھەربىر مۆئمىن اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ تەسىرىنى ھاياتىدا كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ھالدا ياشىشى كېرەك:

**‹‹كىمكى اللە يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن،ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە چوقۇم بېرىدۇ.››**(سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت)

**‹‹زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن اللە يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز،ئۇلار بىلىدىغان بولسا،ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر.››**(سۈرە نەھل 41 ـ ئايەت)

ئىككىنچىدىن: اللەنىڭ ئەپۇ قىلىش دائىرىسى پەقەت زۆرۈرىيەت تېپىلغان،بۇنى باشقا بىر يول بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىشلاردىلا بولىدىغان بولۇپ،اللە ئەپۇ قىلىۋەتكەن، دەپ ئىسلامنىڭ پىرىنسىپال مەسىلىلىرىدىمۇ سودىلاشقانلارنىڭ، سۈيۈتكەنلەرنىڭ،ئەگىپ ئۆتكەنلەرنىڭ ئۆزرىسى بەربىر قوبۇل قىلىنمايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئەۋزەل جىھادنىڭ زالىم ھۆكۈمران ئالدىدا دەس تۇرۇپ،ھەقنى ئېيتىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەرگەن يوليۇرۇقىنى ئەسلەپ تۇرىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن:ھىجرەت ۋە جىھاد مەسىلىلىرىگە ھەردائىم قىزغىن،ھوشيار مۇئامىلىدە بولىشى كېرەك. يەنى ئۆزى شەخسەن ھىجرەت قىلىشقا ھەردائىم تەييارلىق قىلىشى،ھىجرەت قىلماقچى بولغانلارغا چىن كۆڭلىدىن سەمىمى ھالدا ياردەم بېرىشى، جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا ھەردائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىشى،سەمىمى دۇئا قىلىپ تۇرىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن:اللە تائالا ئۇنىڭغا ھىجرەتكە يول بەرگىچە،شۇ جاھىلىيەت جەمىيىتىدىكى بىر كىشلىك دەۋەت ۋەزىپىسىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئورۇنلىغاچ تۇرىشى،سىرتىمىلىق،پىلانلىق ھالدا مەخپى ۋە ئاشكارە دەۋەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىسلامى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئۇل ـ ئاساس تەييار قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

مانا مۇشۇ شەرتلەرگە چۈشكەن ئاجىز مۇسۇلمانلارنى اللە ئەپۇ

قىلىشى مۇمكىن. الله ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر!.

ئەمما ھىجرەت قىلىشقا قادىرلار ۋە ھىجرەت قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىمىغانلار قاتتىق چۆچۈشى كېرەك. جاھىلىيەت جەمىيىتىدە ياشىغۇچىلار ھەرھالدا شۇ جەمىيەتتىكى جاھىلىيەتنىڭ پۇراقلىرىنى پۇرىماي، بەزى گۇناھلىرىغا، كۇفرانە پائالىيەتلىرىگە ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى يوسۇندا بولسۇن قاتناشماي قالمايدۇ. ئەڭ ئاددىيسى مۇنكەر ئىشلارغا سۈكۈت قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولىدۇ. ھەركۈنى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان مۇنكەر ئىشلارغا بىرمۇ ـ بىر ئىسلامى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولالىشى ناتايىن، ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ:‹‹كىم بىرەر مۇنكەر ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن تۈزەتسۇن!. قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن تۈزەتسۇن!. تىلى بىلەن تۈزەتىشكە قادىر بولالمىسا دىلىدا نارازى بولۇپ كەتسۇن!. بۇنىڭ كەينىدا قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىمان يوق!.››دېگەن مەزمۇندا يوليۇرۇق بېرىۋاتىدۇ..... جاھىلىيەت جەمىيىتىدە ياشىغۇچى بۇ مۇنكەرلەرنىڭ كۆپ بولىشىنىڭ ئۈستىگە تۈرلىرىنىڭ رەڭگارەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسىگە تولۇق ئىنكاس بىلدۈرۈپ بولالماسلىقى، نەچچىلىگەن مۇنكەرلەرگە رازى بولۇپ قېلىشلىرى بىلەن كۈنىگە نەچچە قېتىم گۆھەر ئىمانىنى يوقىتىپ قويار؟. بەزى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن تىلى ياكى ھەرىكىتى بىلەن تاغۇتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان گەپ. بۇنى ئاقلايدىغان دەلىلى بارمۇ؟!. لېكىن ئۇلارغا شەرىئەت ھېچقانداق كەڭچىلىك بەرمەيدۇ. بۇ نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال ھە!. بىر ئۆمۈر ئىسلامنى دەۋا قىلىپ، بۇ يولدا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ تۇرۇپ دوزاخقا كىرىش نېمىدىگەن چوڭ زىيان ھە!. (ئى ئۇلۇغ الله بىزنى بۇنىڭدىن ساقلاپ قالغىن!)‹‹ **ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغانلار)نىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.››**

بىز بۇلارنى بايان قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بەزى باغرى بەك يۇمشاق بۇرادەرلىرىمىز: بەك چەكتىن ئاشۇرىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟. قانداقسىگە ئوخشاش ئىككى ئادەمگە شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى ئوخشىمايدۇ؟. بىرى نىمە ئۈچۈن جازالىنىپ، يەنى بىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ؟. سىز پەقەت چىڭىتماقچى ئىكەنسىز... دەپ قېلىشلىرى مۇمكىن.

بىز ئۇلارنىڭ يۇقۇرىدىكى كۈندىن ئايدىڭ بولغان ئايەتلەرنىڭ تېگىگە

يەنىلا يېتەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىش بىلەن بىرگە،شەرىئىتىمىزدە بۇنداق قائىدىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى يەنە بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ قويىمىز:

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:‹‹**الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى،قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللەدىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ)نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋاننى يېيىشنى هارام قىلدى.كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن(يۇقۇرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن)هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا هېچ گۇناه بولمايدۇ. ھەقىقەتەن الله ناهايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر.** ››(سۈرە بەقەرە173 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى «ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس»دېگەن سۆزنىڭ ئەرەپچە لەپزى(غير باغ ولا عاد)بولۇپ، مۇپەسسىرلەر بۇنى مۇنداق تەپسىر قىلىشقان:

مۇجاهىد بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا قارشى چىقىش ياكى بىرەر گۇناه ئىشنى قىلىش ئۈچۈن چىقىپ،هارام نەرسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەهۋالدا دۇرۇس بولىدۇ.

ئىبنى ئاbbاس ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيرلەرمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىرلەشكەن. دېمەك ئوخشاش مەجبۇرلانغان ئىككى كىشىگە بېرىلىدىغان رۇخسەتنىڭ،ئۇلارنىڭ ئەهۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدىغانلىقى،دىنىمىزنىڭ شەرئى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر.

يۇقارقىلارغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى تەلىماتلىرىنى قوشىدىغان بولساق، هىجرەتنىڭ مۆئمىن ئۈچۈن مۇقەررەر بىر تاللاش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز مۇمكىن.پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

**حَدَّثَنَا هَنَّادُ بْنُ السَّرِيِّ حَدَّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنْ إِسْمَعِيلَ عَنْ قَيْسٍ عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ:**

**بَعَثَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَرِيَّةً إِلَى خَثْعَمٍ فَاعْتَصَمَ نَاسٌ مِنْهُمْ بِالسُّجُودِ فَأَسْرَعَ فِيهِمْ الْقَتْلَ قَالَ فَبَلَغَ ذَلِكَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَمَرَ لَهُمْ بِنِصْفِ الْعَقْلِ وَقَالَ أَنَا بَرِيءٌ مِنْ كُلِّ مُسْلِمٍ يُقِيمُ بَيْنَ أَظْهُرِ الْمُشْرِكِينَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ لِمَ قَالَ لَا تَرَاءَى نَارَاهُمَا(رواه ابوداود)**

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاه مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەسئەمگە بىر قوشۇن ئەۋەتتى.بىر توپ كىشىلەر ئۇلاردىن سەجدە قىلىش

ئارقىلىق پاناھلىق تىلىدى.لېكىن قوشۇندىكىلەر ئۇلارنى تېزدىن ئۆلتۈرۈۋەتتى.بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە،ئۇ ئۇلارغا يېرىم كىشىلىك دىيەت بۇيرۇپ بەردى.ۋە :«مەن مۇشرىكلار بىلەن بىرگە تۇرغان بارلىق مۇسۇلماندىن ئادا جۇدامەن.» دېدى. ساھابىلەر:«يارەسۇلۇللاھ! قانداق ھالەتتە بولىدۇ؟.»دەپ سورىغاندا، ئۇ :«كاپىر بىلەن ئۆز-ئارا ئوتىنى كۆرمەيدۇ.(يەنى بىر بىرىنىڭ مۇرىسىدىن چىققان تۈتۈننى كۆرۈپ قالغۇچىلىك ئارىلىقتا تۇرمايدۇ)»دېگەن.(ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان.)

بۇ مەزمۇندىكى ئىشەنچىلىك ھەدىسلەر ناھايتى كۆپ بولۇپ،مۇتەۋاتىر ھەدىس دەرىجىسىگە يەتكەن.تۆۋەندىكىلەر بۇ ھەدىسنىڭ نەقىل قىلغۇچىلىرىدۇر.بىر كىتابتا بۇ ھەدىسنىڭ نەقىل قىلغۇچىلىرى توغرىلىق مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن.

**أنا برىء من كل مسلم يقيم بين أظهر المشركين لا تراءى نارهما (أبو داود ، والترمذى ، والطبرانى ، والبيهقى ، والضياء عن قيس بن أبى حازم عن جرير . الترمذى ، والنسائى عن قيس مرسلاً . قال البخارى وهو الصحيح . الطبرانى عن قيس بن أبى حازم عن خالد بن الوليد)**

**حديث جرير : أخرجه أبو داود (45/3 ، رقم 2645) ، والترمذى (155/4 ، رقم 1604) ، والطبرانى (303/2 ، رقم 2264) ، والبيهقى (131/8 ، رقم 16248) .**

**حديث قيس المرسل : أخرجه الترمذى (155/4 ، رقم 1604 ، 1605) قال الترمذى عن الحديث الثانى : لم يذكر فيه عن جرير وهذا أصح ، وسمعت محمدا يقول الصحيح حديث قيس عن النبى ( مرسل . والنسائى (36/8 ، رقم4780) .**

**حديث خالد بن الوليد : أخرجه الطبرانى (114/4 ، رقم 3836) .**

يەنە بۇ ھەدىسنى مۇھەددىس ئالىم شەيخ ئالبانى ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا يەتتىدىن كۆپرەكنى نەقىل كەلتۈرگەن.بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشرىك-كاپىرلار بىلەن بىرلىكتە تۇرغان كىشىلەرنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

دېمەك ھىجرەت،مۆئمىنىنىڭ ئىمانى مەجبۇرىيىتى بولۇپ،ئۇ ھىجرەت قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ھېچقانداق ئىختىيارلىقىقا ئىگە ئەمەس.ئەگەر ئۇ قادىر تۇرۇپ،ھىجرەت مەسىلىسىدە تاللاپ يۈرگەن بولسا،بۇ پەقەت كۇفرى بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش بولۇپ قالىدۇ،خالاس. اللەتائالا ‹‹دوزاخقا سولايمەن›› دەۋاتسا،رەسۇلۇللاھ ‹‹مەن ئۇنىڭدىن بىزار ››دەۋاتسا،قانداقمۇ شۇنداق بولمايدۇ؟!.بۇ مەسىلىنى تا ھازىرغىچە چۈشەنمىگەنلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزى، ئاڭلايدىغان قۇلىقى،چۈشىنىدىغان قەلبلىرى يوقمۇ؟!.ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن

اللەتائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە قۇلاق سالالمايۋاتامدۇ؟!....

**‹‹ئۇلار سىلەرنى ئۆزلىرىدەك كافىر بولۇشۇڭلارنى،شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىدە قىلىدۇ.ئۇلار اللە يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە(يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپات قىلمىغۇچە)ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار.ئەگەر ئۇلار اللە يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرىسە،ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇيەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار.ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار.يارەمچىمۇ قىلماڭلار.››**(سۈرە نىسا 89 ـ ئايەت)

قېنى كىم ئۆزىنىڭ بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئادەملەردىن بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا اللەتىن ئالغان ئېنىق ھۆججىتى بار؟!.ياكى ئۇلار اللەقا يالغاننى چاپلاۋاتامدۇ؟!.

## ھىجرەت قىلىشتىكى ئىككىنچى چوڭ مەقسەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئۆگەتكەن ھىجرەت ھەرگىزمۇ پەقەتلا ‹‹ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش›› ھەرىكىتى ئەمەس،بەلكى زېمىن يۈزىدە ئىلاھى ھاكىمىيەتنى تىكلەش،دۇنيادىكى ئىسلام بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا توسۇق بولىۋالغان،تاغۇت ھاكىمىيەت ۋە كۈچلەرنى تازىلاش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادى ھەرىكەتكە تەييارلىق قىلىشتۇر.ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھىجرەتنىڭ خارەكتىرىدىنمۇ بۇ ھەقىقەتنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن،بۇ ھىجرەتكە ئاساسلىقى مەككىدە بېسىمغا بەك ئۇچرىمايدىغان مۇسۇلمانلار چىققان.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئىسلامى بازا ئىزدەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.بۇ مۇھاجىرلار تاكى رەسۇلۇللاھ خەندەك غازىتىدىن كېيىن:‹‹بىز ئۇلارغا (كاپىرلارغا)ھۇجۇم قىلالايمىز.ئۇلار بىزگە قارشى ھۇجۇم قىلالمايدۇ.›› دېيىش ئارقىلىق مەدىنىدىكى ئىسلامى دۆلەت ـ مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد بازىسى ـ نىڭ مۇستەھكەملىنىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەندىن كېيىنلا قايتۇرۇلۇپ كېلىنگەن.(اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر)

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە ھىجرەت توغرىسىدا تەپسىلى توختالمىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە چوقۇم ھىجرەت سۆزىدىن كېيىن جىھاد سۆزىنى

كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

‹‹شۈبھىسىزكى ئىمان ئېيتقانلار،ھىجرەت قىلغانلار ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار- ئەنە شۇنداق كىشىلەر اللەنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ،››(سۈرە بەقەرە218- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

‹‹ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى:‹‹مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن،ئايال بولسۇن،ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن،ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار،مېنىڭ يولۇمدا (اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن)ئەرزىيەت تارتقانلار،ئۇرۇشقا قاتناشقانلار(يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى(مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن)ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن........››(سۈرە ئالى ئىمران 195- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

‹‹ئىمان ئېيتقانلار،(اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن اللە يولىدا جىھاد قىلغانلار(يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا)جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر(يەنى ئەنسارىلار)-ئەنەشۇلار ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر(يەنى بىر-بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر).......››(سۈرە ئەنفال 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

‹‹ئاندىن(ئى مۇھەممەد!)زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن،ھەقىقەتەن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن(اللەنىڭ يولىدا)جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە)چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغپىرەت قىلىدۇ)،شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن(يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت،جىھاد،سەۋر قىلغىنىدىن)كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،رەھمەت قىلغۇچىدۇر.››(سۈرە نەھل 110- ئايەت)

‹‹اللەنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا،ئاندىن(جىھاد قىلىپ)ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى(كېسەل بىلەن ئۆلگەنلەرگە اللە چوقۇم ياخشى رىزىق(يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى)ئاتا قىلىدۇ.رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن ياللغۇز اللەدۇر.››(سۈرە ھەج58- ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ھەدىسىمۇ

دەل شۇ تەرتىپ بويىچە كەلگەن:

**وأنا آمركم بخمس كلمات أمرني الله بهن : الجماعة ، والسمع ، والطاعة ، والهجرة ، والجهاد في سبيل الله ، فمن خرج من الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من رأسه إلا أن يراجع**

«مەن سىلەرنى اللە مېنى بۇيرۇغان جامائەت،ئاڭلاش،ئىتائەت قىلىش،ھىجرەت ۋە جىھاتتىن ئىبارەت بەش ئىشقا بۇيرۇيمەن.كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ يىراقلىشىدىكەن،تاكى قايتمىغۇچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى بويىنىدىن سېلىۋەتكەن بولىدۇ. »

دېمەك ھىجرەت ئىسلامى ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن بېسىش زۆرۈر بولغان قەدەملەرنىڭ مۇھىم بىرى. ھازىرقىدەك جەمىيەتتە پىكىر ـ ئېقىملار، پىتنە ـ پاساتلار كۆپىيىپ كەتكەن،ھەركىم ئۆز ئالدىغا مۇقام تووۋلاۋاتقان بىر شارائىتتا بۇ مەسىلىنى بىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم.ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلامى ئۆزگەرتىشنى جىھادسىز مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتى ۋە رېئال شارائىتقا قاراپ چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. بەزىلەر ئىسلامى ئۆزگەرتىشنى ـ جاھىلىيەت دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ،ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىشنى ـ پەقەت دەۋەت ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى دەۋا قىلماقتا. ئۇلار:‹‹پۈتۈن خەلق بەلگىلىك ئىسلامى ئاڭغا ئىگە بولسا،بىر كېچىدىلا ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىمىز. ئىسلامى دۆلەت قۇرغان بىلەن خەلق يەنىلا ئىسلامى ئاڭغا ئىگە بولمىسا نىمە پايدىسى؟. . . . ››دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى قارىماققا ئاساسى باردەك قىلىسىمۇ،قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن ئىلاھى مەنهەجگە ھەرگىز توغرا كەلمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەرگىزمۇ ئومۇمى خەلقكە تايىنىشنى مەقسەت قىلمىغان. قۇرئان كەرىممۇ بۇنداق تەلىمنى ھېچقاچان بەرمىگەن. بەلكى جاھىلىيەت جەمىيىتىدە ياشاپ كۆنگەن ئومۇمى خەلقنىڭ بۇ ئىسلامى ئۆزگەرتىش ھەركىتىگە ھەرگىز ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولمايدىغان ماھىيىتىنى بىزلەر ئېنىق بىلدۇرگەن:

**‹‹بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق(دىن)نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق(دىن)نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر.››**(سۇرە زۇخرۇق 78 ـ ئايەت)

**‹‹ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرگە ئىتائەت**

**قىلساڭ،ئۇلار سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ،ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ،ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.››**(سۈرە ئەنئام 116 ـ ئايەت)

شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىم بىزگە كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ دىننى بۇدىننىڭ ھېچقانداق كۈچ قۇۋۋىتى بولمىغان شارائىتتا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جاھىلىيەت كۈچلىرىنىڭ بۇ دىنغا بىۋاستە دۈشمەنلىكى كۈچەيگەن شارائىتتا تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ياردەم بېرىشىدىن بولسا تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا بۇ دىنغا كىرىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ:

‹‹**اللەنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە اللەنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە.....››**(سۈرە نەسرى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر)

مەككىدىكى 13يىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ سانى ئاران 200 نەچچىگە يەتكەن. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن5يىل ئىچىدە 1500ئەتراپىدا بولغان. نۇرغۇن قەبىلىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ،قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ سۈكۈتتە تۇرغان. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى، بولۇپمۇ مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن تۈركۈم ـ تۈكۈملەپ بۇ دىنغا كىرىشكە باشلىغان. ۋىدالىشىش ھەجىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى يۈزمىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

بىزنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىمىز جاھىلىيەت جەمئىيىتىكى دەۋەتنىڭ رولىنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلغان،دەسلەپكى باسقۇچتىكى دەۋەتلەر بولىشى قەتئىي تەلەپتۇر. يەنى ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۇ دىننى مۇكەممەل چۈشەنگەن، بۇ دىننىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلالايدىغان ،ۋاقتى كەلسە جېنىنىمۇ بۇ دىن ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ساھابىلەركەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ـ دەۋەتنىڭ ئۇل ئاساسلىرىنىڭ ـ تەربىيىلىنىپ چىقىلىشى تولىمۇ زۆرۈر . (بىز بۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى بۇ كىتاپچىنىڭ ‹‹جامائەت››دېگەن بابىدا تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ بولغان.)ئىسلامى دەۋەت مۇشۇنداق بىرتۈركۈم پىدائى مۇسۇلمانلارنى تەربىيەلەپ بولغاندىن كېيىن،چوقۇم جاھىلىيەت كۈچلىرىگە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك جىھادى ھەرىكەتنى قوزغىمىغۇچە،بۇ دىنغا دۈشمەنلىك

قىلىش بىلەن خارەكتىرلەنگەن جاھىلىيەت كۈچلىرى ھەرگىزمۇ چىرايلىق سۆزلەرگە،شوخلا كۆتۈرۈپ قىلىنغان نامايىشلارغا ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ،ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيدۇ.بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك پۈتۈن دۇنيادىكى دىنسىز ۋە مۇرتەد كۈچلەر ئىسلامغا قارشى بىرلىك سەپ تۈزۈۋالغان بىر كۈندە ئۇنداق بولىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ بۈگۈنكى مۇسۇلمان دەۋەتچىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ھەرگىزمۇ ئۇسۇلى شاشى ئەھسەنۇل خاۋاشىلارنى پىششىق بىلىدىغان راھەتپەرەس ‹‹پەقىھ ئالىم›› تەربىيەلەش ئەمەس.بەلكى بىز يۇقاردا سۈپەتلىگەندەك بىر ھەقىقى مۆئمىن ـ مۇجاھىد تەربىيەلەشتۇر.جەمىيەتنى ئاز بولسىمۇ ئەمما ئىمانى ساپاسى يۇقىرى بولغان ھەقىقى مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ اللەقا بولغان سەمىمىيىتى ۋەقۇربانلىقلىرى،جىھادلىرى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن.

جىھاد ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىق پائالىيەتلىرىنى ئىسلام بىلەن بىۋاستە قارشىلىشىۋاتقان جاھىلىيەت جەمىيىتىدە ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىش.ھەرتۈرلۈك جىھادى تەربىيەلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سورۇن مەسىلىسى،ئىقتىساد مەسىلىسى،ئەڭ مۇھىمى خائىن جاسوسلارنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ،ئىسلامى ھەرىكەتلەرنى باشلىنىشىدىلا خەۋپكە ئۈچرىتىش مەسىلىسى قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم مەسىلىلەر جىھادى تەييارلىقنى جاھىلىيەت كۈچلىرى كونترول قىلىپ تۇرىۋاتقان زېمىندا ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.مانا مۇشۇ رېئال ئەمىلىيەتمۇ ھىجرەت مەسىلىسىنىڭ زۆرۈرلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقارقىلاردىن خۇلاسىلەپ ئالغاندا ھىجرەت ياۋروپاغا،ئامرىكىغا ۋە ياكى ئۆزىنى ‹‹ئىسلام دۆلىتى››دەپ ئاتىۋالغان، لېكىن ناماز ئوقۇيدىغان تاغۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بولمايدۇ.ئەگەر مۇسۇلمان زۇلۇمدىن قېچىپ چىقىپ،ھېچقانداق اللەنىڭ ئىلاھى ھاكىمىيىتى تىكلەنمىگەن ۋە ھېچقانداق ئىسلامى جىھاد ئۇرۇقى بولمىغان بىر دۆلەتلەرگە چىقىپ،ئۆزىنىڭ شەخسى ئىبادەتلىرىنى تولۇق ئورۇنلىيالىغانلىقىغا سۆيۈنۈپ، قانائەت ھاسىل قىلىپ تۇرۇپ قالغان بولسا،ئۇنىڭ قىلغىنى ھىجرەت ئەمەس،بەلكى ساياھەت ياكى كۆچۈشتۇر.چۈنكى ئۇ ھىجرەتنىڭ ئىككىلا شەرتىگە ـ مەقسىدىگە ـ ئۇيغۇن ئىش قىلمىدى.

بىرىنچىدىن: ئۇ خىيالدا ئەمدى دىنىمنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇردۇم،دەپ ئويلىغان بولسىمۇ يەنىلا زۇلۇم ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قايسى شەكىلدە بولمىسۇن يەنىلا تاغۇت ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇپ ياشىغان بولىدۇ. بەزىلەر بەلكى ساھابىلەرنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان ھىجرىتىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىشى مۇمكىن. لېكىن ساھابىلەرنىڭ بۇ ھىجرىتى ۋاقىتلىق تەدبىر بولۇپ،ئۇلارنى بۇنىڭ بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ قالغان دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟. ئەگەر شۇنداق بولسا رەسۇلۇللاھ نىمە ئۈچۈن مەدىنە ۋە تائىپتىن ئىبارەت يەنە باشقا بىر بازا ئىزدىگەن؟. كىممۇ ئۇلارنى اللەنىڭ سۆرە نىسادىكى ھىجرەت قىلمىغانلارغا چۈشۈرگەن ھۆكمىنىڭ ئاستىغا كىرمەيدۇ دەپ كاپالەت بېرەلەيدۇ؟. ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەمدۇ؟،ياكى قەستەن بىلمەس بولىۋالدىمۇ؟. ياكى.....

**‹‹ئۇلارنىڭ دىللىرىدا(مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟. يا اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟. ياق. بەلكى ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر.››**(سۈرە نۇر 50 ـ ئايەتتىن)

ئىككىنچىدىن :ئۇلار ھىجرەتنىڭ جاھىلىيەت كۈچلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە بىخەتەر بولغان دەۋەت مۇھىتى يارىتىش يولىدىكى جىھاد ھەرىكىتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تەرىپىگە قاتتىق سەل قارىغان. قارىغاندا ئۇلار بۇ ھەقتە تاللاش ھوقۇقۇم بار، دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار شۇنداق دەپ گۇمان قىلىۋاتقاندا اللە ئۇلارغا نىمە دەۋاتقاندۇ؟.........

دوكتور ئابدۇللاھ ئەززام مۇنداق دەيدۇ:‹‹كىم بۇ توغرىلىق كۆپرەك ئىزدىنىشنى خالىسا ئىبنى تەيمىيەنىڭ چوڭ پەتىۋالار توپلىمىنىڭ تۆتىنجى تومىنىڭ جىھاد بابىغا قاراپ باقسا، جىھاد مەيدانىدا بولمىغان ئالىمدىن مەيلى ئۇ سادىق،ئىخلاسمەن بولسۇن،ياكى ئالىم،چوڭ شەيخ،شۇ شەھىرىدە بەك مەنپەئەتلىك ئادەم بولسۇن ئۇنىڭدىن جىھاد توغرۇلۇق سوراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ....لېكىن سەن ئۇنىڭدىن ئۇ چۈشەنمەيدىغان مەسىلە توغرىسىدا سوراۋاتىسەن.مۇفتى دېگەن ئۆزى پەتىۋا بەرمەكچى بولغان ئىشلارنى تولۇق،ئەتراپلىق بىلىشى كېرەك.ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ توغرا جاۋاب بېرەلىسۇن.......شۇنىڭ ئۈچۈن شەرئى ئاتالغۇلار بىلەن ئويناشماسلىق كېرەك!، بەزىلەر ھازىر جىھاد دېگەن سۆزنىڭ شەرئى مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتمەكچى!.ئۇلارنىڭ قارىشىچە خۇتبە ئوقۇيدىغان كىشىمۇ الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى.مەسجىدلەرگە بېرىپ ۋەز ئېيتىدىغانلارمۇ الله يولىدىكى مۇجاھىد.ئائىلىسى ئۈچۈن جاپا چېكىدىغانلارمۇ الله يولىدىكى مۇجاھىد.بىر ئايدا بىرەر ۋاراق نەرسە يېزىپ قويۇش بەدىلىگە نەچچە ئونمىڭ دەرھەم مائاش ئالىدىغانلارمۇ الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى.........لېكىن بۇلار ھەرگىز مۇجاھىد ئەمەس.الله يولىدىكى جىھاد دېگەن سىنىڭ بارمىقىڭ مىلتىقنىڭ

تەپكىسى ئۈستىگە چۈشكەندە ئاندىن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مانا مۇشۇنداق ئۆگەتكەن.››................

نۆۋەتتىكى جىھادنىڭ پەرز ئەيىنلىكى ناھايىتى روشەن بىر مەسىلە. مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق بۇ ھەقنى تونۇپ ئەمەلى جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلار بىلەن ئىسلام دەۋاسى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانىدىكى نىسبەت پەرقىنىڭ زورلىقى بىزگە نىسبەتەن نۆۋەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ جىھاد توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغايسىز.......

بەزى بۇرادەرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كامىل قىلىنغان شەخسى ئىبادەتلىرى،دەۋەت ۋە مائارىپقا قوشقان مەلۇم ھەسسىلىرىگە سۆيۈنۈپ،جىھاد مەسىلىسىنى ئۆزىدىن يىراق ساناۋاتقاندا،جىھادى مەسىلىلەرگە سەل قاراۋاتقاندا .. ....... الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**‹‹سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى،مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللەقا،ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ(ئىمانىغا) ئوخشاش ھىسابلامسىلەر؟اللەنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھدايەت قىلمايدۇ.››** (سۈرە تەۋبە 19 ـ ئايەت)

**‹‹سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ،بەلكى اللەقا،ئاخىرەت كۈنىگە. پەرىشتىلەرگە. كىتابقا)يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)،پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش،اللەنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە،مىسكىنلەرگە،ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل ـ مىلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)،سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشكە پۇل ـ مال ياردەم قىلىش،ناماز ئوقۇش ،زاكات بېرىش،ئەھدىگە ۋاپا قىلىش،يوقسۇزلۇققا،كېسەللىككە ۋە(اللەنىڭ يولىدا قىلىنغان)ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار(يەنى يۇقىرقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر)(ئىماندا)راستچىل ئادەملەردۇر،ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.››**(سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت)

بەزىلەر مۇجاھىدلارنىڭ شارائىتىنىڭ نۆۋەتتە بەك ياخشى ئەمەسلىكىنى ،ۋەيران بولۇشتىن ئىبارەت خەۋپنىڭ مەۋجۇتلىقى............نى «چوڭقۇر» ۋە «ئىلمى» تەھلىل قىلىش

ئارقىلىق: كېيىن شارائىت ياخشىلانغاندا بىر گەپ بولار، ئۆزىمىزنى بىھۇدە خەتەرگە دۇچار قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق دەپ بىلجىرلاۋاتقاندا.......اللە مۇنداق دەيدۇ:

**‹‹اللە ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.(ئەينى زاماندا)ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن،اللە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.اللە ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك،ناھايىتى مېھرىباندۇر.››** (سۈرە تەۋبە 117 ـ ئايەت)

**‹‹نىمىشقا سىلەر اللەنىڭ يولىدا(پۇل ـ مال)سەرپ قىلمايسىلەر.ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ مىراسى اللەقا خاستۇر،سىلەردىن(مەككە)پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە(رەسۇلۇللە بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار(مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال)نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ(دەرىجىسىدىن)چوڭدۇر،ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر››**(سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەت)

ئەگەر ھەقىقەتەن خەتەر شۇنداق ئېغىر بولسا،مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك ھالەتلەردە اللە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇجاھىدلارنى ياردەمسىز قويۇپ قويۇشنى ئىمانلىق قەلب قوبۇل قىلالامدۇ؟.بىز ئىماندىن شۇنداق مەنىتقىنى ئۆگەنگەنمۇ؟.ۋاھالەنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:‹‹كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىسە،ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس.››دەۋاتامدۇ؟......يەنە كېلىپ سىزنىڭ بۇ ئېغىر پەيتلەردە ياردەمسىز تاشلاپ قويىۋاتقىنىڭىز ئاددى بىر ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان بولماستىن،سىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ئۈچۈن،جان بېرىپ كۆرەش قىلىۋاتقان،اللە ئۇلار بىلەن بۇ ئۈممەتنىڭ بېشىنى ئەزىز قىلىدىغان مۇجاھىدلار قوشۇنى ئەمەسمۇ؟.ئەگەر ئۇلاردا مەلۇم كەمچىلىك،يېتەرسىزلىكلەر بولسا،سىزنىڭ بۇلارغا قوشۇلۇش ئارقىلىق بۇ كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش مەجبۇرىيىتىڭىز سىز دەۋا قىلىۋاتقان ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ئەمەسمۇ؟. سىزنىڭ ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىنى ئورۇندىماسلىقىنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئۆگەنگەن

ئىلىملىرىڭىز قېنى؟........
بەزىلەر جىهاد توغرۇلۇق يەنىلا كاللىسىنى سىلكىمەيۋاتقاندا.........اللە مۇنداق دەيدۇ:
**‹‹ ئى مۆئمىنلەر سىلەرگە اللە يولىدا جىهاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە،نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا هاياتىنى ئاخىرەتتىكى(بەخىت)بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟دۇنيا هاياتىدىن بەهرىمان بولۇش ئاخىرەتنىڭ نىئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا،ئەرزىمەس نەرسىدۇر.››ئەگەر سىلەر جىهادقا چىقمىساڭلار اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ.(سىلەرنى هالاك قىلىپ)ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.سىلەر اللەقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر،اللە هەر نەرسىگە قادىردۇر،ئەگەر سىلەر اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار(اللە ياردەم قىلىدۇ)،اللە هەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى،ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار ئۇنى(مەككىدىن) هەيدەپ چىقارغان ئىدى،ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى(يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق)هەمرا ئىدى،ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى،(رەسۇلۇللە)هەمراھىغا:‹‹غەم قىلمىغىن،اللە هەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە››دەيتتى،اللە ئۇنىڭغا(يەنى پەيغەمبىرىگە)خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا(پەرىشتىلەردىن بولغان)قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى،ئۇلار سىلەر كۆرمىدىڭلار، كافىرلارنىڭ سۆزىنى(يەنى شېرىك كەلىمىسىنى)پەس قىلدى،اللەنىڭ سۆزى(يەنى كەلىمە تەۋھىد)ئۈستۈندۇر.اللە غالىپتۇر،هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.››**
ئۇلار ئۆزىنىڭ شارائىتىنى تەڭلەپ،ئۆزرە بايان قىلماقچى بولغاندا .......اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:
**‹‹(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!)سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان هالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى،پىيادە،ئۇلاغلىق بولۇڭلار،ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار.ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار،هەممە ئەهۋالدا)جىهادقا چىقىڭلار، اللەنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن،جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار،ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.››**
ئۇلارنىڭ يۇقارىقى ئايەتلەردىن قەلبى يەنىلا هېچقانداق تەسىر ئالالمىغان بولسا،ئۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنماقچى بولغان ئۆزىنىڭ شەرئىەتتىكى، اللەنىڭ ئۆلچىمى ـ كىتابىدىكى ئورنىنى بىلىۋالسۇن!(ئى

اللە پاناھ بەرگەي!):

‹‹ئەگەر(ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى)ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە(يىراق ئەمەس)ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا،ئۇلار ساڭا ئەگىشىپ(غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە)چىقاتتى.لېكىن،بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى،ئۇلار اللە بىلەن قەسەم ئىچىپ:‹‹ئەگەر چىقىشقا قادىر بولساق،ئەلۋەتتە سىلەر بىەن بىللە چىقاتتۇق››دەيدۇ، ئۇلار(يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن)ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ،اللە بىلىدۇكى،ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.››

‹‹(ئى مۇھەممەد!)اللە سېنى كەچۈردى،(ئۆزرىسىدە)راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا)رۇخسەت بەردىڭ.(ئى مۇھەممەد!) اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ،اللە تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ،(ئى مۇھەممەد!سەندىن پەقەت اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار،دىللىرىدا االلەنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە)گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ،ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.›› (سۈرە تەۋبە38ـ 45ئايەت)

تەبۇك غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەكتۇم(ئەما)رۇخسەت سوراپ كەلگەندە،رسۇلۇللاھ:مەن ساڭا رۇخسەت بېرەلمەيمەن.دېگەن ئىدى.شۇ ئەما كىشىگە بېرەلمىگەن رۇخسەتنى سىز ئەمدى كىمدىن ئالدىڭىز؟

بۇ ئايەتتە جىھادتىن ئىزنى سوراشنىڭ ئۆزىلا مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بايان قىلىنغان.مانابۇ مەنسۇخ بولمايدىغان كەسكىن ئايەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇناپىقلارنىڭ ئەمەلدىكى سۈپىتىدۇر.ئەمدى كىممۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىماننىڭ بارلىقىغا ھۆججەت كەلتۈرەلىسۇن!....سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:‹‹جىھادتىن (ئۆزرىسىز)قېلىپ قېلىش ئەقىدىدىكى چېرىكلىك ۋە دىندىكى ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئىمان روھى بىلەن تولغان ۋە بۇ دىندىن تەسىرئالغان قەلب ھەرگىزمۇ تاغۇتلارنىڭ قۇشخانىلىرىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ھۆرمەتلەر ۋە مۇقەددىساتلار،تۆكۈلىۋاتقان قان ۋە يۈز ئابرويلاغا قول قورۇشتۇرۇپ تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمايدۇ.بۇنىڭدىن باشقىلار ھېچقانداق غورۇرى يوق قېتىپ

كەتكەن قەلبلەر بولۇپ،بۇ قەلبلەردە ئىماننىڭ بارلىقى ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.››

ئۇستاز ئەبۇ ماجىد مۇنداق دەيتتى:‹‹قاچا لىق تولسا چوقۇم سىرتىغا ئېقىپ چۈشىدۇ.شۇنىڭدەك بۇ دىن بىلەن لىق تولغان قەلب چوقۇم ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر قىلىدۇ.››

بۇ ئايەتتە الله ئېنىق قىلىپ مېلى ۋە جىنى بىلەن جىھادقا چىقىشنى ئىماننىڭ ئالامىتى دەپ سۈپەتلىدى. جىھاد تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتىدۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئىسلام ئۈممىتى ھەردائىم بىرەر مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلگەندە:مۇجاھىدلارغا ئادەم ئەۋەتىپ دۇئا تەلەپ قىلايلى،چۈنكى ئۇلار اللهغا ئەڭ يېقىن كىشلەر.ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن،دەيتتى.

بەزىلەر جىھادقا چىقماسلىقنى ئۆزۈم ئىختىيار قىلىۋاتىمەن،ياكى شارائىتىم يار بەرمەيۋاتىدۇ...... دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكچى بولغاندا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**‹‹ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا،ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى،لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى،(ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ).ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى،(ئۇلارغا)‹‹ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار(يەنى ئاياللار،كىچىك باللار،ئاجىزلار)بىلەن قېلىڭلار››دېيىلدى.››**(سۈرە تەۋبە 46_ئايەت)

بەزىلەر ئەزەلدىن جىھادنى ئىنكار قىلىپ باققىنى يوق.ئۇلار ھەردائىم: الله خالىسا چوقۇم الله يولىدا جىھاد قىلىمەن.شەھىد بولۇش مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم......دەيدۇ.لېكىن ئۇلاردا جىھاد ئۈچۈن قىلچىلىك تەييارلىق قىلىش يوق.ئۇلار دۇنيا تېپىشتا باشقىلار بىلەن بەسلەشسە بەسلىشىدۇكى،جىھادقا نىسبەتەن ئىمانى ۋە جىسمانى تەييارلىقلارنى قىلىشقا قىلچىلىك كۆچ چىقارمايدۇ.الله تائالانىڭ‹‹**تەييارلىق قىلىڭلار**››دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەنمۇ جىھاد ئۈچۈن ھەردائىم تەييارلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش مۆئمىن ھاياتىنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.چۈنكى بۇ بۇيرۇق!. مەسلەھەت ئەمەس،بەلكى شەرئى تەكلىپاتتۇر.

ئۇستاز ئابدۇللاھ ئەززام يۇقۇرىدىكى ئايەتكە قىلغان تەپسىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:‹‹چىقىش ئىرادىسىنىڭ ئالامىتى جىھادقا تەييارلىق

قىلىشتۇر. ئەمما الله بىلەن قەسەمكى، ئى قېرىندىشىم! سەن: جىھادقا چوقۇم چىقىمەن. دەيسەن. لېكىن ھەرىپلى ياتاق ئۆيۈڭنى، مېھمانخاناڭنى، ماشىناڭنى بىر قېتىم يىغىشتۇرۇپ كۆرگىنە. قىممەت پۇللۇق يىغى ماشىنا، مىرسىدىس، مىتسۇبىشىلارنى سېتىلىۋېلىش، ئۆيلىرىڭنى مودىغا لايىق ياساپ تۇرۇش سېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىڭ. ئەمدى دەپ باققىنە سەن يەنىلا جىھاد قىلىمەن دېگەن سۆزۈڭدە راستچىلمۇ؟بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟..........

الله مۇنداق دەيدۇ: «**لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى.**» سۇبھانەللاھ! سەن ئۇچۇن اللەنىڭ سېنىڭ الله ياخشى كۆرىدىغان زېمىندا (يەنى جىھاد زېمىندا) تۇرۇشۇڭنى ياقتۇرماسلىقىدىن چوڭ مۇسىبەت بارمۇ؟!. سېنىڭ جىھاد قىلىشىڭنى اللەنىڭ يامان كۆرۈشىدىن چوڭ مۇسىبەت بارمۇ؟!. ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇسىبەت ئەلۋەتتە يوق. «**لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى، (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، باللار. ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى.** قېلىپ قالغۇچى دېگەن كىم؟ ئاياللار!. يەنە بىر ئايەتتە «**ئۇلارنى «ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ**» (سۇرە تەۋبە 87 ـ ئايەت) دەپ سۈپەتلىدى. الله تائالا ئۇلارنى مۇشۇنداق قاتتىق گەپلەر بىلەن ئەيىپلەۋاتىدۇ. ئويلاپ باققىنە، كىچىك باللار، ئاجىز ـ كەمتۈكلەر ۋە ئاياللار بىلەن بىرگە قېلىپ قېلىش سەندەك بىر ئەركەك ئۇچۇن ئەيىپ ئەمەسمۇ؟ (الله پاناھ بەرسۇن!) «**شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار چۈشەنمەيدۇ.**» ئۇلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىنىڭ جازاسى شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى قۇرئان ئايەتلىرىدىنمۇ تەسىرلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى!. ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بەرسەڭمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ھەرئايدا سۇرە تەۋبىنى باشتىن ئاخىرى تولۇق بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقىدۇ. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇنىڭدىن بىرەرسى: مەن ئافغانىستانغا جىھادقا بارماقچى ئىدىم، دېسە، ئۇ: تۇرۇپ تۇرغىن. دەيدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتتى.

بۇنىڭدەك قەلبىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ئىنساننىڭ بۇنى ھېس قىلالماسلىقى ئاجايىپ چوڭ مۇسىبەتتۇر. خۇددى ئۇ ئىنسان:ئى رەببىم!مەن ساڭا نۇرغۇن قېتىم ئاسىيلىق قىلدىم،لېكىن مېنى بىرەر قېتىممۇ جازالاپ باقمىدىڭ.دەيدۇ.الله بولسا:مەن سېنى نۇرغۇن قېتىم جازالىدىم.لېكىن سەن پەقەت ھېس قىلالمىدىڭ.ئەجىبا مەن سېنىڭ قەلبىڭنى ئۆلتۈرمىدىممۇ؟..........دەيدۇ.

قەلبىنىڭ ئۆلۈشى،قۇرئان ئايەتلىرىدىن قىلچە تەسىرلەنمەسلىك،الله ئۈچۈن يۈزى قىزارماسلىق بەك چوڭ مۇسىبەت.ھەتتا ئېشىپ تېخى مۇنكەر ئىشلارنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالماسلىق،خۇسۇسەن جىھاد توغرىسىدىكى تەبلىغلاردىن قەلبى ئېرىپ، ھىدايەت تېپىش ئەيىپ سانىلىۋاتىدۇ.بەزىلەر ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇپ،جىھاد مەيدانىغا ئاتلانماقچى بولغانلارغا:بۇ بىچارە بەك ئالدىراڭغۇ، قىززىققان،ھېسياتچان،تىز تەسىرلىنىغان ساددا دېگەندەك قالپاقلارنى كەيگۈزۈپ قويۇۋشىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟........››

ئويلاپ باقايلى بۇرادەرلەر!، ئىمان دەۋاسى قىلىۋاتقان بىر شەخسنىڭ شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە جىھاد مەيدانىدا بولالماسلىقى باشقا سەۋەپ ئەمەس،بەلكى تۆۋەندىكى سەۋەپلەر تۈپەيلى بولغان بولسا،ئەھۋال نېمە بولۇپ كېتەر؟............

**‹‹ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا،ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى.لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى،(ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ)ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى،(ئۇلارغا)‹‹ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار(يەنى ئاياللار،كىچىك باللار،ئاجىزلار)بىلەن قېلىڭلار››دېيىلدى.ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا،ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە-پاساتنى كۆپەيتەتتى،ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى،ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ-تىڭلايدىغانلار بار،الله زالىملارنى(يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى-تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر،ئىلگىرى ئۇلار تاكى اللەنىڭ ياردىمى كەلگەنگە،اللەنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر،ھەقىقەتەن بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان،ساڭا ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى،ھالبۇكى،ئۇلار بۇنداق بولۇشنى(يەنى دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك**

قازىنىشىنى)يامان كۆرگۈچىلەردۇر،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا:«ماڭا(يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا)رۇخسەت قىلغىن،مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن(يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ قېلىپ سېلىشىمغا سەۋەپچى بولمىغىن)››دىگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار(مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ)بالاغا گېرىپتار بولدى،شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كافىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر.ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە:«ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز››دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ.››(سۈرە تەۋبە46 ـ 50ئايەتلەر)

الله تائالانىڭ مۇناپىقلار توغرىسىدىكى ئەيىپلەشلىرى يەنە توختىماي نازىل بولىۋاتىدۇ.......

‹‹ئېيىتقىنكى،‹‹ئى مۇناپىقلار جامائەسى!)سىلەر ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى يۇسۇندا(قانچىلىك پۇل ـ مال سەرپ قىلساڭلارمۇ)ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ،چۈنكى سىلەر اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم بولدۇڭلار››،ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى،ئۇلار اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ،(پۇل ـ مىلىنى)رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن،الله ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كافىر پېتى جان ئۈزۈشنى ئىرادە قىلىدۇ›› (سۈرە تەۋبە 53 ـ 55 ئايەتلەر)

‹‹ئۇلار:‹‹بىز چوقۇم سىلەر(يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار)دىن››دەپ.الله بىلەن قەسەم ئىچىدۇ.ئۇلار سىلەردىن ئەمەس،لېكىن ئۇلار(زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ.ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان)قورقۇنچاق قەۋمدۇر،ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى،ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى.››سۈرە تەۋبە56 ـ 57ئايەتلەر).......

‹‹مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار(مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ،ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ،ياخشىلىقتىن توسىدۇ،ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ(يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ).ئۇلار اللەنى ئۇنتۇدى(يەنى اللەنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)،اللەمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى(يەنى الله

**ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر. اللە مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئايالللار ۋە كۇففارلارغا دوۋزاخنى ۋەدە قىلدى،ئۇلار دوۋزاختا مەڭگۇ قالىدۇ. دوۋزاخ ئۇلارنى(ئازابلاشقا)يېتەرلىكتۇر،اللە ئۇلارغا لەنەت قىلدى،ئۇلار مەڭگۇ لۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (ئى مۇناپىقلار،سىلەرنىڭ ھالىڭلار)سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن(ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا)ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك،مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر(دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمان بولغاندەك سىلەرمۇ(دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلەردىن بەھرىمان بولدۇڭلار؛ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك،سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۈڭلار؛ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.››** (سۈرە تەۋبە 67 ـ 69 ئايەتلەر)

ئۇستاز ئابدۇللاھ ئەززام بۇ ئايەتلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:‹‹اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى خىل تۈرىنى سېلىشتۇرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قەلبى كېسەللەر. ئۇلار يالغۇز قالسا بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولسا تەقۋالىق،زاھىدلىق تېرىسىگە ئورۇنىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشكارە ئالامەتلىرىنىڭ بىرى يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن توسۇش،قوللارنى ياخشىلىقتىن يىغدۇرۋېتىشتۇر.

قۇرتۇبى :ئۇلار جىھادتىن توسقۇچىلاردۇر. دېگەن.

جەمىيەتتە مۇناپىقلارنى پاش قىلىدىغان نەرسە نېمە؟. . . . جىھاد! . . . . . . شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد خالىس مۆئمىن بىلەن ئىمانىدا مەرەز بار كىشىلەرنى ئايرىشتىكى ئەڭ ياخشى پاش قىلغۇچى ۋە ئىمانىنىڭ راستلىقى،قەلبىنىڭ تەقۋالىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئادىل مىزاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە ئەززە ۋە جەللە جىھادنى ئىمان بىلەن قوشۇپ بايان قىلدى:

**‹‹شۈبھىسىزكى،(ھەقىقىي)مۇئمىنلەر اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن،ئاندىن(ئىمانىدا)شەك كەلتۈرمىگەن،ماللىرى بىلەن،جانلىرى بىلەن اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر،ئەنە شۇلار(ئىمان دەۋاسىدا)راستچىللاردۇر››**(سۈرە ھۇجۇرات

15 ـ ئايەت)

مەن سۈرە تەۋبىدە تەقۋالىق توغرىسىدا كۆپ قىزىقتۇرۇش ۋە بايانلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى جىھاد پەقەت تەقۋالىق ئاساسىدىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ. مۇناپىقلار سەن بىلەن بىر ئىككى قەدەم بىرگە ماڭالىشى مۇمكىن، لېكىن ئوتلار، بومبىلار، سىناردلار، يامغۇردەك ئوقلار. . . . . . . كەلگىلى تۇرسا، مىلىڭ خىل ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ. جىھاد زېمىنىدىن قېچىشقا باشلايدۇ. ئەمما تەقۋا ئىگىلىرى ئۇنداق قىلمايدۇ:

‹‹**پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىداقورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللەنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار مۆكەممەل (رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ**››(سۈرە (سۈرە ئەنفال 2 ـ 3ئايەتلەر)

مانا مۇشۇنداق كىشىلەرلا سەن بىلەن ئاخىرقى نۇقتىغىچە بىرگە تۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھادقا چاقىرىق قىلىدىغانلار ئەڭ ئاۋۋال تەقۋالىق ئامىللىرىنى مۇستەھكەم قىلىشقا چاقىرىق قىلىشى كېرەك. مۇشۇ تەقۋالىق ئامىللىرى بولسىلا سەن بىلەن قىيىن كۈنلەردە بىرگە بولالايدۇ. ئەمما مۇناپىقلار مەنپەئەتچىلەردۇر. ئۇلار سېنىڭ قېشىڭغا دۇنيا ئۈچۈنلا كېلىدۇ. سەندىكى دۇنيا تۈگەپ كېتىشى بىلەنلا سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

مۇناپىقلار يامانلىقتا بۆيرۈپ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ. جىھادتىن ياردەم قوللىرىنى يىغىۋالىدۇ. ‹‹**ئۇلار اللەنى ئۇنتۇدى.**››يەنى اللەنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۇنتۇدى. اللەنى ئەسلەشنى ئۇنتۇدى. ‹‹**شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنى ئۇنتۇدى.**›› يەنى ئۇلارنى ئۆز ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە تاشلاپ قويدى. ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ: ‹‹ئى ھەممىشە تىرىك! ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات! سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىمەن. مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن. مېنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىت ئۆز نەپسىمگە تاشلاپ قويمىغىن! .››دەۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ شەيتانىغا، ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە پۇتۇنلەي تاشلانغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر! . . . الله پاناھ بەرسۇن! . الله پاناھ بەرسۇن! . . . ئىنسان ئۈچۈن رەھمان تائالانىڭ

ھىمايىسى ۋە ساقلىشى بەك زۆرۈر:

‹‹كىمكى مېھرىبان اللەنى ياد ئېتىشتىن(يەنى قۇرئاندىن)يۈز ئۆرۈيدىكەن،بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز(شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)،شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ،شەك ـ شۈبھىسىزكى،شەيتانلار ئۇلارنى(يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ،ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ››(سۈرە زۇخرۇف 36 ـ 37ئايەتلەر)

‹‹مۇئمىن ئەرلەر،مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر،ئۇلار(كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،يامان ئىشلاردىن توسىدۇ،نامازنى(تولۇق)ئادا قىلىدۇ زاكات بېرىدۇ،اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ،ئەنە شۇلارغا اللە رەھىم قىلىدۇ،اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر،ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللە مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ،ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى،(ئۇلار ئېرىشىدىغان)اللەنىڭ رازىلىقى(جەننەت نىئمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن)كاتتىدۇر. بۇ چوڭ بەختتۇر›› (سۈرە تەۋبە 71 ـ 72 ئايەتلەر)

ئۇ بۇ ئايەت توغرىسىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:« اللە تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ چوقۇم بىر ـ بىرى بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دوستلۇق دېگەن ياردەمنى،مۇھەببەتنى تەقەززا قىلىدۇ. مۆئمىن ئۈچۈن قېرىندىشىغا ياردەم بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئىبنى تەيمىيە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :‹ئىسلامى قېرىنداشلىق سېنىڭ قېرىندىشىڭغا ياردەم بېرىشىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇنى ياردەمسىز قويمايسەن،ئۇنىڭ ئەيىپلىرىنى ياپىسەن،مەيلى ئۇ سېنىڭ تەشكىلاتىڭدىن بولسۇن ياكى بولمىسۇن،ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا كېلىشىم بولسۇن بولمىسۇن چوقۇم ياردەم بېرىشىڭ كېرەك. كېلىشىم تۈزۈش ياكى ۋەدىلىشىپ قويۇش زۆرۈر ئەمەس،چۈنكى ئوتتۇراڭلاردا ئىسلامى قېرىنداشلىق مەۋجۇد.›»

شۇنىڭدەك بىز ۋە ئافغانىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئىسلام قېرىنداشلىق كېلىشىمى مەۋجۇد. شۇڭا بىز ھەردائىم ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنى ياخشى كۆرىشىمىز،ئۇلارنىڭ ئەيىپلىرىنى

يۈگىشىمىز،ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماسلىقىمىز ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش پەرز. ئۇلارغا ياردەم بېرىش دېگەنلىك،ئۆزەڭنىڭ بالىسى كېسەل بولۇپ قالسا سەرپ قىلالايدىغان بارلىق نەرسىلىرىڭ بىلەن ياردەم بېرىشىڭدۇر.

ئۇستاز مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ:«پەرەز قىلىپ باق!. ئەگەر سېنىڭ بالاڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ قالسا،سەن ئۇنى تاشلاپ ساياھەتكە ماڭالامسەن؟. ئۇنى قوشناڭغا تاشلاپ قويالامسەن؟. قوشناڭغا:بالامغا بىر دوختۇر تېپىپ كۆرسىتىپ باق. مېنىڭ ھازىر پەقەت ۋاقتىم يوق،مەن يازلىق دەم ئېلىشىمدىن پايدىلىنىپ ئامرىكىغا ساياھەتكە چىقماقچى ئىدىم. دېيەلەمسەن؟. ياق!ھەرگىز دېيەلمەيسەن. بەلكى بالاڭدىن بىر سىكۇنتمۇ ئايرىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. ئەمدى دەپ باققىنە!سېنىڭ بالاڭ بىلەن اللەنىڭ دىنىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟. قايسىسى قىممەت؟. ھازىر اللەنىڭ دىنى ناھايىتى قاتتىق ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. بىر ئىنسانىنىڭ بالىسى كېسەل بولۇپ قالسا،ئۇنىڭ بالىسى بىلەن كارى بولماستىن،ماشىنا،ئېسىل تۇرالغۇلار ئۇچۇن پۇل خەجلەپ،بالىسى ئۇچۇن پەقەتلا كۈچ چىقارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. اللەنىڭ دىنىمۇ شۇنداق!.»

ھازىر ئافغانىستاننىڭ ئەھۋالى بەك خەتەرلىك،ئۇ يا ئۆلۈم ياكى ھاياتلىق جېڭى بولىۋاتىدۇ. اللەنىڭ دىنى پايمال بولۇپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرىۋاتىدۇ. سەن بۇ دىننى كىمگە ھاۋالە قىلماقچى؟....ئون سەككىز ياشلىق كىچىك بالىلارغىمۇ؟.....ئەگەر سەن بۇ ‹‹كېسەل››نى دوختۇرغا ئاپىرىشقا كۈچ چىقارمىساڭ،بۇ بالىلاردا پۇل يوق، ھېكمەت تەجرىبىسىمۇ كەمچىل. لېكىن سەن بۇ ياشلارغا ـ ئىنسابىڭ كېلىپ:‹‹بېرىڭلار››دەپ قالساڭ ـ بېرىڭلار،ماۋۇ پۇلنى ئالغاچ بېرىپ،پايمال بولىۋاتقان اللەنىڭ دىنىنى قوغداڭلار. دەۋاتىسەن. ئەگەر سېنىڭ دېڭىزدا ـ ياكى ھەرقانداق يەردە ـ بىر تىجارىتىڭ بولۇپ،ئۇ ئاپەت سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلسە قانداق قىلىسەن؟. بۇنى يەنە باشقىلارغا ھاۋالە قىلامسەن؟......ياق!بەلكى بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىسەن ئەمەسمۇ؟.

ئەگەر سەن ئامرىكىدىكى بىر دوختۇرنىڭ سېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكۈڭ باراۋېرىگە سېنىڭ ئايالىڭنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغانلىقىنى بىلسەڭ،چوقۇم بارلىق مال ـ مۈلكۈڭنى سەرپ

قىلىپ ئۇنى قوتقۇزىسەن. چۈنكى سەن ئۇچۇن سىنىڭ ماللىرىڭ، باللىرىڭ، ئاياللىڭ ۋە تىجارىتىڭ اللەنىڭ دىنىدىن ئەۋزەل ۋە قىممەتلىك......

**‹‹ئېيتقىنكى، ‹‹ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭلار(ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا(يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى(يەنى پەتىھ قىلىش ئىزنى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى(يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى)ھىدايەت قىلمايدۇ ››**(سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت)

كۈتۈڭلار!.........ھازىر جەڭدىكى كېسەللەر كۆپىيىۋاتىدۇ. بەزى مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر:مەن ئۆز ھېسابىمغا ئىككى ئۈچ ئادەمنى داۋالاۋاتىمەن. الله يولىدا پۇت كېسلىپ كەتكەنلەرگە پۇت سالدۇرۇپ قويىۋاتىمەن. دەپ مىننەت قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر اللەنىڭ دىنىغا ئىشەنچىسى يوق پاسىق ياكى فاجىر تۇغقىنىنىڭ بىرەر بارمىقى ئاغرىپ قالىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ياۋرۇپاغا يۆتكەيدۇ. ۋاھالەنكى بۇنىڭغا ئوخشاش تۇغقانلاردىن نەچچە ئونمىڭى بىرەر مۇجاھىدنىڭ تىرنىقىغىمۇ تەڭ كەلمەيتتى.

سىلەر ئەمەس ـ يەنى پاسىق! ـ سىلەر ئاياللىرنى، ماللىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ۋە ئائىلىسىنى اللەنىڭ دىنىدىن ۋە الله يولىدىكى جىھادتىن ئارتۇق بىلىدىغانلار پاسىق. مانا بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قانچىمىز بۇ سەككىز تۈرلۈك نەرسىنى اللەدىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئارتۇق كۆرمەيمىز؟. بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز. بەك ئاز.......

ئەگەر سىنىڭ بىر تۇغقىنىڭنىڭ پۇتى، ياكى بىرەر بارمىقى ئۈزۈلۈپ كەتسە ئۇنى تاشلاپ قويالامسەن؟ «بۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن!. چۈنكى ئۇ پاسىق. ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيمەن.» دېيەلەمسەن؟ ھەرگىز دېيەلمەيسەن. گەرچە ئۇ كاپىرلارنىڭ

چوڭى ۋەياكى كوممۇنىستلارنىڭ رەھبىرى بولغان تەقدىردىمۇ؟!.......سىنىڭ ئۆزۈڭ ـ تۇغقىنىڭ كوممىنىست بولغان تەقدىردىمۇ،ئۇنىڭ بۇ بۇزۇق روھىنى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىشى ئۈچۈن داۋالىتىسەن.لېكىن كىچىككىنە باھانە سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ بىر پۈتۈن مۇسۇلمان خەلققە ياردەم بېرىشنى توختىتىسەن.دېمەك بىزلەردىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە ئىسلامي قېرىنداشلىقنىڭ ھەقلىرى بولۇپ قالدى......

مەن بىر قېتىم مەلۇم بىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر چوڭ ئالىمنىڭ ئافغان جىھادى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ،ئۇنىڭغا قېشىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا: «چىقىملىرىڭىزنى مەن قىلسام،پىشاۋۇرغا بېرىپ ئافغان جىھادىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەمسىز؟»دېدىم.ئۇ:«مېنىڭ بىكار ۋاقتىم يوق»دېدى.لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ «قېرىندىشىمىز»نىفىت دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدە ئېچىلغان ئىككى ھەپتىدىن بىر ئايغىچە مۇددەتلىك يىغىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى.ئۇ ئۇيەرگە بارغىلى بىكار ۋاقتى بار.ئەمما بۇيەرگە يوق.ئۇلارنىڭ قېشىدا مىسكىنلەر ئۈچۈن خەجلەيدىغان پۇل يوق!.ئەگەر بىزمۇ بۇيەرگە ئەشۇنداق ماگىستىر،دوكتۇرلۇق ئۇنۋانلىرىنى بېرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنى سالغان بولساق،ئۇلار ئەلۋەتتە بىزگە نەچچە ئون مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتكەن،بىزلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلغان بولاتتى. لېكىن بىزنىڭ بۇ مەسجىدىمىزدە دوكتۇرلۇق،ماگىستىرلىق دىپلومى بېرىلمەيدۇ.بۇ يەردە دىپلوم بېرىدىغىنى پەقەت ئالەملەرنىڭ ئىگىسى الله تائالا بولۇپ، ئۇ جەننەتتىكى ئەڭ چوڭ دىپلوم(شاھادەت)بېرىدۇ. بىزنىڭ قېشىمىزغا پەقەت الله رەھىم قىلغان كىشىلا كېلىدۇ........

بەزىلەر اللەنىڭ دىنىغا ئەڭ كىچىك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەندەكمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.مەن دائىم:«سىلەر ئافغان جىھادىغا خۇددى كىچىك قىزلىرىڭلارغا پۇل خەجلەپ بەرگەنچىلىك پۇل چىقارغان بولساڭلار ئەھۋال چوقۇم ئۆزگەرگەن بولاتتى.»دەيتتىم.ئەمىلىيەتتىمۇ بىز ھېسابلاپ كۆرىدىغان بولساق،شۇ كىچىك قىزلارنىڭ چىقىملىرىنى ئىشلىتىلىدىغان بولسا دۈشمەن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق روشەن دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولاتتى..........

**‹‹مۆئمىن ئەرلەر،مۆئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر،ئۇلار(كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،يامان ئىشلاردىن توسىدۇ،››**

چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش كېرەك.بۇ ئىسلامى جەمىيەتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئىسلام خەلىقلىرى مۇشۇ جىھاد مەسىلىسىدىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ،يامانلىقتىن توسۇشى كېرەك.بۇ يا ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ.ئۇلارنى مەنسەپ،راھەتلىرىدىنمۇ ئايرىۋەتمەيدۇ.بەلكى قوغدايدۇ.چۈنكى ئافغان جىھادى كوممۇنىست توپانى ئالدىدىكى ئەڭ كۈچلۈك توسۇق بولۇپ تۇرماقتا.ئەگەر بۇ توسۇق يوقالسا،كوممۇنىستلار باشقا ئىسلام دىيارلىرىغا بېسىپ كىرىشكە باشلايدۇ..................››

بىز بۇ جىھادنىڭ مۇھىملىقىنى،بۇ جىھادقا چىقماسلىقنىڭ مۇناپىقلىقنىڭ بىر سۈپىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىپ،ئىمانى ئويغاق كىشىلەرنىڭ ھىدايەت يولىغا مېڭىشىغا سەۋەپچى بولىۋاتقاندا،يەنە بىر تۈركۈم سىياسىيون،تەدبىرلىك ‹‹ئالىم››لىرىمىزنىڭ:‹‹چىقىشقا ئامالسىز قالسا قانداق قىلىدۇ؟!.تازىمۇ ھېسياتچان ئادەمكەن بۇ!›› دەپ دەككە بىلەن قىلغان تەنە-تەربىيەلىرىگە ئۇچراۋاتقان بولىشىمىز مۇمكىن.ئۇلار ھەرگىز غەم قىلمىسۇن! ئۇلار ئويلىغان ئىشنى ئالەملەرنىڭ ئىگىسى،مەڭگۈلۈك كىتابنىڭ ساھىبى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بىزمۇ اللەقا ۋاكالىتەن اللەنىڭ سۆزلىرىنى تەپسىرلەيدىغان بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەرگىزمۇ بۇ چوڭ مەسىلىگە سەل قارىمايمىز.(اللە ھەممەيلەننىڭ خاتالىقىنى كەچۈرسۇن!.)

**‹‹ئاجىزلار(يەنى ياشانغان بوۋايلار)،كېسەللەر،(جىھادقا چىقىشقا)خىراجەت تاپالمىغانلار اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا،جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ،ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىپلەشكە يول يوقتۇر،اللە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر،ناھايىتى مېھرىباندۇر.››** (سۈرە تەۋبە 91 ئايەتلەر)

ئۇستاز ئابدۇللاھ ئەززام بۇ ئايەت توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:‹‹ اللە ئەززە ۋەجەللە بۇ ئايەتلەردە ئۆزرە ئىگىلىرىنى بايان قىلدى.كىم گۇناھتىن ئەيۇ قىلىنىدۇ؟كىم ئەيۇ قىلىنمايدۇ؟.كىم جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن اللە ئەززە ۋە جەللىنىڭ

دەرگاھىدا ھېساپقا تارتىلىدۇ؟.كىم تارتىلمايدۇ؟.....

ئۆزرىلىك كىشىلەردىن گۇناھ ۋە ئازاپ «« **اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا** »»دېگەن شەرت بىلەن كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ. يەنى مۇجاھىدلارنى ياخشى كۆرۈش،ئۇلارغا ئىخلاس قىلىش كېرەك. ئۇلار مۇجاھىدلار توغرىلىق ياخشى سۆزلەرنى تارقىتىش،ئۇلانىڭ ئەھلىنى ھىمايە قىلىش،ئۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ:

قېشىڭدا سوۋغات ئۈچۈن ئات بولمىسا، چىرايلىق قىل سۆزۈڭنى، مال بولمىسا.

ياخشى سۆز پەقەت ئېغىزىدىنلا چىقمايدۇ. يەنە مۇجاھىدلار توغرۇلۇق ياخشى خەۋەر ئاڭلاشقا ئىشتىياق باغلاپ تۇرىشى،ئۇلار توغرىلىق يامان سۆز ئاڭلاپ قالسا ئۇنى يوشۇرۇن تۇتىشى كېرەك. ئۇنداق قىلىش يوق ھەتتا جىھاد ئۈچۈن ماڭغانلارنى توسقان بولسا بۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە، اللە يولىدىكى جىھادقا سادىق بولمىدى.

**««يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىپلەشكە يول يوقتۇركى،ئۇلار(جىھادقا چىقىش ئۈچۈن)سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە،(ئۇلارغا سەن)««مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق»»دېدىڭ،ئۇلار(جىھادقا چىقىشقا)سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن،كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى.»»**(سۈرە تەۋبە 92 ـ ئايەت)

مانا بۇلار تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا يول تاپالمىغان مۆئمىنلەر ئۈچۈن نازىل بولغان. ئۇلار جىھادقا چىقىشتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يىغلىشىپ كەتكەن ئىدى. خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدە قانچە تىرىشىپمۇ پاسپورت ۋىزا ئالالمىغان سەمىمى كىشىلەردەك........»»

دەرھەقىقەت بىز نۇرغۇن شارائىتى بار تۇرۇپ جىھاد ھەققىدە ئويلانمايۋاتقان ««مۇسۇلمان»»لارنىڭ تىپلىرىنى كۆرىۋاتقان شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە،ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئازلىقى،ئائىلىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى،پاسپورت قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن يول تېپىشنىڭ قىيىنلىقىغا قارىماي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جىھاد سەپىرىگە ئاتلىنىۋاتقان بۇ يولدا قانچە قېتىملاپ زەربىلەرگە،زىيانلارغا ئۇچرىسىمۇ يەنىلا بوشاشمايۋاتقان،ئىنسانلىق تەبىئىتى غالىپ كېلىپ(بارالماي

قالارمەنمۇ؟›دېگەن ئۇمىدسىز خىيال كاللىسىغا كېلىشى بىلەنلا،اللە ئەززە ۋە جەللە ياخشى كۆرىدىغان،اللە ئەززە ۋە جەللە بىلەن جەننەت سودىسىنى قىلىدىغان شۇ دىيارلارغا بارالماسلىقىنى ئويلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەن سەممى بۇرادەرلىرىمىزنى ئۇچرىتىمىز.اللە ئۇلارنى تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن!. مانا بۇلار قىيامەت كۈنى:‹‹ئى اللە سەن سۈرە تەۋبىنىڭ 91ـ92ـ ئايەتلىرىنى نازىل قىلغان ئىكەنسەن.ماڭا رەھىم قىلغىن!››دەپ ئۆزرە بايان قىلىشقا ھۆججىتى بار كىشىلەردۇر.مانا بۇلار ھىجرەت قىلمىغان،جىھاد قىلمىغان دەپ دوزاخقا تاشلىنىش خەۋپىدىن ھەقىقى ئازات بولغان كىشىلەردۇر.چوقۇم ھەربىر مۆئمىن ئاز دېگەندىمۇ تۆت بەش قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىشى، ئەگەر پاسپورت ئالالمىسا،پاسپورتسىز بولسىمۇ چىقىش ئىمكانىيەتلىرىنى كۈچىنىڭ بىرىچە ئىزدەپ بېقىشى كېرەك. اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئىشەنگەن مۆئمىننى مەقسەتكە يەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!:

**‹‹كىمكى اللە يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن،ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ.كىمكى ئۆيىدىن اللەنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم اللە بېرىدۇ،اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر››** (سۈرە نىسا 100ـ ئايەت)

لېكىن ھېچقانداق ئۇرۇنۇپ،ئىزدىنىش قىلماي تۇرۇپ،ئۆزرىلىك بولىۋالغانلار ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتە سۈپەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقىقا جىددى دىققەت قىلىشى كېرەك!:

**‹‹ئۆزلىرى باي تۇرۇپ،(جىھادقا چىقماسلىققا)رۇخسەت سورايدىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك،ئۇلار(جىھادقا چىقمىغان ئايالالار،كېسەللەر،ئاجىزلار)بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى،اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى،(شۇنىڭ ئۈچۈن)ئۇلار(اللەنىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ››** (سۈرە تەۋبە 93ـ ئايەت)

بىز يەنە سۆزنى جىھاد مەيدانىغا ئەملى چۆككەن،ھەتتا شەھىد قىلىنغان،جىھاد توغرىسىدا پەتىۋا بېرىشكە، سۆز قىلىشقا ھەقىقى سالاھىيىتى توشىدىغان سۆيۈملۈك ئالىمىمىز شەھىد ئابدۇللاھ ئەززەمغا بېرەيلى:

‹‹ئەيىپ كىمگە؟ زادى كىم ئەيىپلىنىشى كېرەك؟! جىھادقا چىقمىغانلىق گۇناھى كىمدىن سۈرۈشتە قىلىنىدۇ؟ باي تۇرۇپ

جىھادتىن ئىزنى سورايدىغانلار بولىدۇ!......ئەجەب ئىش،ئۇلار باي تۇرۇپ قانداقمۇ ئىزنى سورايدۇ؟. جىھادقا چىقىشقا بايلار ئەڭ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلار يوقاپ كەتكەندىمۇ ئۇلار ئۆز ئەھلىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان ئىقتىسادقا ۋە شارائىتقا ئىگە. ھازىر قارىساق پەقەت نامراتلار بىرىشى كېرەكتەك چۈشۈنىلىپ قېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىنساپ قىلغانلىقمۇ؟ سەن مىليونېر بولغانلىقىڭ ئۈچۈن الله ساڭا ئىزنى بەردىمۇ؟ (بۇ ئايەتنى ئوقۇپ باقمىدىڭمۇ؟) گۇناھ بولىدىغانلار پۇللىرى بار،تېنى ساغلام،كۈچلۈك كىشىلەردۇر.سىلەر شەرئەتنىڭ جىھاد توغرىسىدىكى ھۆكمىنى بىلىسىلەرغۇ؟ ئۇنداقتا قانداقمۇ ئىزنى سورايسىلەر؟......

بەزىلەرگە سەن نېمىشقا كېتىسەن؟ دەپ سورىساق،

- دەرس باشلىناتتى،ئۇلگۇرمىسەم بولمايدۇ.دەيدۇ.

سەنچۇ؟

- مېنىڭ دەم ئېلىشىم توشۇپ قالدى.ئىشىمغا قايتمىسام بولمايدۇ.......

نېمە خىزمەت قىلىسەن؟

- مەلۇم بىر شىركەتتە كاتىپلىق قىلىمەن.......

سېنىڭ خىزمىتىڭ نېمە؟

- بىر ئىمارەتنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسى......

ئى قېرىندىشىم! سەنچۇ؟

- مەن مەدرىسىدە مۇدەررىس!.....

سۇبھانەللاھ!!! سەن باللارغا سۇرە تەۋبىنى ئۆگەتكەندە نېمىنى ئۆگىتىسەن؟!.سەن ئۇلارغا ‹‹**ئېغىر بولغان ياكى يەڭگىل بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار**››دېگەن ئايەتنى ئۆگەتكەندە نېمە دەيسەن؟!.....سەن تۆۋەندىكى ئايەتكە كەلگەندە نېمىمۇ دېيەلەرسەن؟!.....

‹‹ئېيىتقىنكى،‹‹ئەگەر سىلەرنىڭ **ئاتاڭلار،ئوغۇللىرىڭلار،قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار،ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭلار(ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)،تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار،ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار،ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن،اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا(يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ،اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)،ئۇ ھالدا**

**سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى(يەنى پەتىھ قىلىش ئىزنى كەلگۈچە كۈتۈڭلار،اللە پاسىق قەۋمنى(يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى)ھىدايەت قىلمايدۇ ››**(سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت)

اللە ئەززە ۋە جەللە ساڭا:‹‹كۈتۈپ تۇر! .ھەتتا ساڭا قانداق جازا قوللىنىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويغىچە قاراپ تۇر! . . . . ››دەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىشلىرىڭنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ساڭا ئالەملەرنىڭ رەببى دېپلوم (گۇۋاھلىق ـ شاھادەت)بېرىدۇ. چۈنكى سەن باشقا جايدىن دېپلوم ـ ئىنسانلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ـ ئېلىش ئۈچۈن قايتىۋاتىسەن. اللەنىڭ دېپلومىنى تاشلاپ قويىۋاتىسەن. ئۇ ساڭا چوقۇم دېپلوم بېرىشنى ئىرادە قىلىدۇ. سەن سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان دېپلوم ـ شاھادەت ـ نى رەت قىلدىڭ. ئۇنداقتا ساڭا چوقۇم ئىككىنچى بىر خىل دېپلوم ـ شاھادەت ـ نى بېرىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ بۇ دېپلومنىڭ ئۈستىگە ‹‹ **اللە پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**››دېگەن سۆز يېزىلغان دېپلومدۇر. اللە ئەززە ۋە جەللە سېنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىڭگە،دۇنيالىرىڭ،تىجارىتىڭ ۋە ماللىرىڭنىڭ جىھادتىن ئۈستۈن قويۇشنى تاشلىغانغا قەدەر سېنى ياخشىلىققا يېتەكلىمەيدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. سەن پاسىق! ياخشىلىق،ئېھسان يوللىرىغا،جەننەت يوللىرىغا ماڭالمايسەن،سەن دۇنيالىرىڭ ۋە تىجارىتىڭگە قايتتىڭ. بۇ دېپلومنى ئال! ـ دە شۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلغىن! . . . . . . . . .

مانا بۇ جىھادنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى. ـ اللەتىن باشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق! ـ اللە بىلەن قەسەمكى!مەن ياۋرۇپادىكى،ھەجدىكى ۋە ھەرقانداق بىر جايدىكى يىغىلىشلار دا سۆزۈمنى ‹‹**(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!)سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى،پىيادە،ئۇلاغلىق بولۇڭلار،ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار. ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار،ھەممە ئەھۋالدا)جىھادقا چىقىڭلار››** (سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت بىلەن باشلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدىم. بۇ ئايەت ئۇلتۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىنى سىقىپ قوياتتى

**(ئى مۇھەممەد!) اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن**

**ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ،اللە تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ،**(سۈرە تەۋبە 44ـ ئايەت)......

**‹‹ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە،نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى(بەخىت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمان بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا،ئەرزىمەس نەرسىدۇر.››** (سۈرە تەۋبە 38ـ ئايەت)......

**(ئى مۆئمىنلەر!) سىلەرگە نىمە بولدىكى،اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ):‹‹ئى پەرۋەردىگارىمىز!بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن،ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل››دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر،ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر.››(سۈرە نىسا 75ـئايەت)** (سۈرە نىسا 75ـ ئايەت)........

بۇ ئايەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى سىقىدۇ....سەن ئۇلار(جىھادقا چىقمىغانلار)توغرىسىدا ئەڭ يەڭگىل ئايەتلەرنى ئىزدەپ باققىن!.... ھەرگىز تاپالمايسەن.مەن ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلۇپ بېرىلگەندە ئۇلارنىڭ تەنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن. چۈنكى قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەتلىرى،بولۇپمۇ سۈرە ئەنفال بىلەن سۈرە تەۋبە جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ دۈمچىسىگە ئۇرۇلغان ئوتتىن ئېشىلگەن قامچىغا ئوخشايدۇ.ئۇلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟ مەن ھەر قېتىم بۇ مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇشنى،يەنى كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن جىھادتىن قېلىپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىشنى باشلىغىنىمدا ـ ۋاھالەنكى ئافغان جىھادى دەۋەتچىلەرگە،مۇتەپەككۇرلارغا، مۇجاھىدلارغا ۋە بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرگە موھتاج ـ بەزى ياخشى دەپ قارىلىۋاتقان دەۋەتچىلەرنىڭ سورۇندىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن.چۈنكى بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدۇ.خۇددى سۆزنى مەخسۇس ئۇنىڭغا قارىتىپ قىلغاندەك گۇمان قىلىدۇ.ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سۆزلەر شۇلارغا قارىتىلغان.مەن مەلۇم بىر كىشىنىلا مەقسەت قىلمايمەن.لېكىن ئۇ ئۆزىگە قارىتىلغاندەك ھېس قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك سۈرە تەۋبىمۇ بىرەر مۇناپىقنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ سۆزلىمەيدۇ. ‹‹ئۇلاردىن››،‹‹ئۇلاردىن››،‹‹ئۇلاردىن››، ‹‹ئۇلاردىن››،...دەپلا قويىدۇ.ھەربىر گورۇھ،شەخس ئۆزىنى تونۇۋالىدۇ.ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:‹‹سۈرە تەۋبە ‹‹ئۇلاردىن››،‹‹ئۇلاردىن››...دەپ نازىل بولىۋەردى.بىز ھەتتا بىرەرسىمىزنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمىغۇدەك.دەپ قورقۇپ كەتتۇق.››دېگەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم:‹‹**ئۆزلىرى باي تۇرۇپ،(جىھادقا چىقماسلىققا)رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك**›› دەۋاتسا،بەزىلەر: جىھاد مالغا موھتاج ئەمەسمۇ؟ دەپ سورايدۇ. مالغا موھتاج دېسەك ـ :ئۇنداقتا تىجارەتچىلەر تىجارەت قىلىپ ماللىرىنى ئەۋەتىپ بەرسە بولمامدۇ؟خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىپ،ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەر قىلىپ ماللىرىنى ئەۋەتىپ بەرسە بولمامدۇ؟. سەن بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىۋەتمەكچىمۇ؟دەيدۇ.

بىز دەيمىزكى:بۇ جىھادقا ھۈنەرۋەنلەر.تىجارەتچىلەر،ھەتتا مىليونېر ۋە مىلياردىرلارمۇ دۇكانلىرىنى، زاۋۇتلىرىنى، تىجارەتلىرىنى قويۇپ كېلىشى كېرەك! ۋاي قېرىندىشىم!سىز باشقىلارنى جان باقمىسۇن دېمەكچىمۇ؟ ھەممىسىنىڭ ئىشسىز قېلىشىنى ئىرادە قىلماقچىمۇ؟دەپ سورىماڭ.بۇنى مەن ئەمەس اللە ئىرادە قىلدى.اللە ھەممە كىشىدىن بۇ يەرگە ـ جىھادقا كېلىشنى تەلەپ قىلدى.چۈنكى تىجارەت ئۆزرە بولالمايدۇ.چوقۇم كېلىشى كېرەك.كېلىپ ئەتتىگەندە نان،چۈشلىكى نان ۋە گۆشسىز پۇرچاق يەيدۇ. كەچلىكىنى بولسا اللە بىلىدۇ.مانا مۇشۇنداق تەربىيەلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئەسكەر،مۇجاھىد بولالمايدۇ.بۇ جىھادنىڭ بىر قىسمى.

يەنى كىشىلەر سودا ـ سارايلىرىنى تاقىۋېتىپ كېلىدۇ.زاۋۇتلىرىنى توختىتىۋېتىپ كېلىدۇ.ئۇنىۋېرسىتېت ۋە جامىئەلىرىنى ئىتىۋېتىپ كېلىدۇ.قۇرئان كەرىم مۇشۇنداق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.ئەگەر جىھاد بۇلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغۇدەك بولسا،مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ئۇلارنى تېگىشلىك ئىشلارغا قويىدۇ.سەن ناۋاي بولىسەن،سەن ئاشپەز بولىسەن،سەن شوپۇر بولىسەن،سەن بولساڭ پالانى يەرگە بېرىپ جىھاد ئۈچۈن تىجارەت قىلىپ كەل....بۇلارنى ئەمىر بەلگىلەيدۇ.جىھادى ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىنغان بولسا ھېچ گەپ يوق.......

ئەمما ئەشۇ پۇل ئارقىلىق ياردەم قىلىمىز دەيدىغانلارنىڭ ئەھۋالىغا

قارايلى،ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلى يۈز مىليونغا يەتكەندە تىجارىتى توختامدۇ؟ياق بەلكى،يەنە كېڭەيتىدۇ. ھەتتا بەشيۈز مىليونغا،ئاندىن بىر مىلياردقا يەتكۈزۈشنى ئويلايدۇ. بۇ جىھادقا مىليادىرلار كېلىپ باقتىمۇ؟ياق كېلىپ باقمىدى. مىليونىرلارچۇ؟كېلىپ باقمىدى. دېمەك ئۇلار نە پۇلى بىلەن ، نە مېلى بىلەن جىھاد قىلمايدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ مەقسىدى بىزدىن جىھادنى تەرك ئېتىشكە رۇخسەت ئېلىشتۇر. ئەجىبا اللە ئەززە ۋە جەللە ئۇلار مىليونىرلاردىن روزىنى كۆتۈرىۋېتەمدۇ؟ئۇلارغا :روزا سىلەرنىڭ پايداڭلارنى ئازايتىۋېتىدۇ. سىلەرنىڭ پايداڭلارغا،تىجارىتىڭلارغا ئىسلامنىڭ ھاجىتى بار. دېيىلەمدۇ؟ئەگەر ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ ھەممىسى زىيان تارتقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا روزا تۇتماسلىققا بىر كۇنمۇ رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ جىھادمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش،جىھاد بىلەن روزىنىڭ پەرقى يوق .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەبۇك غازىتىغا چىقماسلىققا ئىزنى بەرگەنمۇ؟. رەسۇلۇللاھ: كىم بۇ قوشۇننى جاھازلىسا(قوراللاندۇرسا) ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ. دېگەندە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قوشۇننى قوراللاندۇردى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:‹‹ئى اللە ئوسماندىن رازى بولغىن!مەن ئۇنىڭدىن رازى››دەپ كەتكەندى. لېكىن ئۇنىڭغا چىقماسلىققا ئىزنى بەردىمۇ؟ياق! ـ ئىزنى بەرمىدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى تىجارەتچىلەر،سانائەتچىلەر ۋە ئىشلىگۈچى،خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت ئىككى گورۇھقا بۆلگەنمۇ؟،ئاندىن خىزمەتچىلەر گورۇھىغا:سىلەر نامرات،شۇڭا جىھادقا چىقىڭلار!سىلەر ئۆلسەڭلار ھېچ گەپ ئەمەس،ئەمما ئوسمان،ئەبۇ بەكرىلەرنىڭ قىنى قىممەت،چۈنكى ئۇلار باي . دېگەنمۇ؟. ئەبۇ بەكرى،ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف ۋە ئۆمەرلەر بىرەر جىھادلاردىن قېلىپ باققانمۇ؟ ئۇلار نەچچە ئاي،ھەتتا نەچچە يىل جىھاد ئۈچۈن يوقاپ كېتەتتى. ئەزەربەيجاننى فەتھى قىلىدىغان چاغدا قار توسۇۋېلىپ ئالتە ئاي تۇرۇپ قالغان. كابولدىمۇ ئىككى يىل تۇرغان. ئۇلار:‹‹تىجارەتلىرىمىز! . . . ››دەپ باققانمۇ؟. . . . .

ساھابىلەر ـ اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن:‹‹اللە بۇدىنغا ياردەم بەردى. ئەمدى بىز تىجارەتلىرىمىزگە،زىرائەتلىرىمىزگە قايتساق بولارمىكىن؟ . ››دەپ ئويلىغان ۋاقتىدا،اللە ئۇلارغا نېمە دېدى:‹‹**ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە**

**تاشلىماڭلار**›› دېدى ئەمەسمۇ؟ (سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىسىگە قاراڭ!) الله ئەكبەر!. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى غەلىبە قازىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ،بوستانلارنى ئوڭشاشقا يۈزلىنىش ھالاكەت ھېساپلىنىۋاتىدۇ......تۇغرا ئەگەر ئەنسارىلار مەدىنىدىكى خورما باغلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا،بىز كابۇل،بۇخارى،تۈركىيە، يۇنان......لاردىكى بوستانلاردىن مەھرۇم قالغان بولاتتۇق.ئۇلار نەچچە يۈز بوستانلاردىن ۋاز كەچكەن ئىدى.الله ئۇلارغا نەچچە مىليون بوستانلارنى فەتھى قىلىپ بەردى........ھازىر تىجارەتچىلەر نېمە بىلەن تىجارەت قىلىدۇ؟.قانچىلىك پايدا ئالالايدۇ؟.يەھۇدىيلار نابلىس،قۇددۇس ۋە خەلىلىلىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى پەقەتلا بىر كۈندە قولغا كىرگۈزىۋالدى ئەمەسمۇ؟......

رەسۇلۇللاھ :‹‹مېنىڭ رىزقىم پالانى شىركەت ئېچىشتا ياكى زاۋۇتلارنى قۇرۇشتا قىلىندى.››دېگەنمۇ؟.زادى نېمە دېگەن؟.‹‹مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى.››دېگەن ئەمەسمۇ؟!. دېمەك،نەيزە رىزىق تاپىدىغان ئۇسۇل.الله ئەكبەر!....

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە ۋە تابىئىن مۇجاھىدلار پەلەستىننى پەتھى قىلىپ،رۇم دۆلىتىنىڭ شام دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن،ھىرەقلى شام دىيارىنى تاپشۇرىۋېتىپ:‹‹ئى سۇرىيە! خوش ساڭا،خوش ساڭا،ئەمدى بىز ئۇچرىشالمايمىز!››دېگەن ۋاقىتتا ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن بىرتۈركۈم مۇجاھىدلار پەلەستىندە ئورۇنلىشىپ، غەنىمەت ئالغان يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى.ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇجاھىدلارنىڭ يەر تېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ،ئۇلارغا بىر ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە:‹‹بېرىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرىۋەت!.ئاندىن ئۇلارغا مېنىڭ خېتىمنى بەرگىن››دېگەن.بۇ كىشى كېلىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغاندا،ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن.ئۇ مەند:‹ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقى بار.›دېگەندىن كېيىن ئۇلار جىم بولۇشقان.چۈنكى ئۇلار ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلالمايتتى.ئۇ كىشى زىرائەتلەرنى كۆيدۈرىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن،ئۆمەرنىڭ خېتىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەن. ئۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:‹‹سىلەر كۆچ ـ قۇۋۋىتىڭلارنى پەقەت دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئاغزىدىن تارتىپ ئالغان نەرسە بولىشى كېرەك.ئەگەر سىلەر جىھادنى تەرك ئەتسەڭلار،زىرائەت

تېرىش بىلەن مەشغۇل بولساڭلار.مەن سىلەردىن چوقۇم جىزىيە(كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان بىر تۈرلۈك باج)ئالىمەن.سىلەرگە ئەھلى كىتابقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىمەن...›› دېمەك جىھادنىڭ بۇدىنىدىكى قىممىتى بەك يۇقىرى.بۇ دىنىدا جىھاد قىلماي تۇرۇشقا قەتئىي يول يوق. ئۆمەر يەنە ئەنبەسە ئىبنى ئەسۋەد ئەنەسى ـ ئۇ ھىمسى شەھىرىنىڭ ئەمىرى ئىدى ـ نىڭ بوستان ياساش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغىمۇ خەت ئەۋەتتى.ئادەتتە ئۆمەرنىڭ خېتى بىر قۇر ياكى ئىككى قۇر ئىدى.بۇ خەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن:‹‹سەن كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىدىكى خارلىققا يۈلىنىپسەن.ئۇنداقتا مەن بۇ خارلىقنى سېنىڭ بوينۇڭغا قويىمەن.سەن يەرلىرىڭگە خىراج تۆلەيسەن!........››

بەزىلەر:‹‹ئۇنداقتا بۇ يەرلەر بىز تېرىمىساق بىكار قالامدۇ؟.ئۇنداقتا ئىسلام زىرائەت،سانائەت ۋە تىجارەتنى بىكار قىلىدىكەندە؟››دەپ سورايدۇ.ياق!ئۇنداق ئەمەس.لېكىن زىرائەتنى كىم تېرىيدۇ؟.خارلار تېرىيدۇ.زېمىنىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان كاپىرلار،يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلار تېرىيدۇ.بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى.ئۇلار يېرىمىنى ئۆزى ئۇچۇن، يېرىمىنى بىز ئۇچۇن تېرىيدۇ.بىزنىڭ ۋەزىپىمىز يەر تېرىپ،سۇغىرىپ،ئوت ئېلىش......لار ئەمەس.بۇ جىھادقا چىقمىغانلارنىڭ سۈپىتى.ئەمما مۇجاھىد.......

ئەگەر ياشىسام ئۇرۇش بولىدۇ ئانام نەيزەم ئاكام،قېلىچىم دادام .....

جىھاد ئانىسى،نەيزىسى ئاكىسى،قېلىچى دادىسى بولىدۇ.مانا بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ھاياتى.مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى.

ئى ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم بۇلار جەزىرەتۇل ئەرەب ئازات ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار.شام دىيارلىرىمۇ ھۆر ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق بىزدەك ھازىر كافىرلارنىڭ تاجاۋۇزى ئاستىدا ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدا ياشاۋاتقانلار ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەك؟!.ھازىر بىرەر مۇسۇلمان ئۇچۇن جىھادتىن قېلىپ قېلىشقا ئۆزرە چىقارمۇ؟.ئاۋۇ يىگى فەتھىلەر ئۇچۇن قىلىنىدىغان جىھاد ئىدى.لېكىن بىز اللەنىڭ ئەڭ خار مەخلۇقلىرىنىڭ قولىدا تۇرىۋاتىمىز!.كافىر،مۇناپىق،پاسىق. بۇلار بىزگە ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ.قاچانكى كۆزى كۆكلەرنى ـ ئامرىكىلىقلارنى ـ كۆرسەك ئۇنىڭدىن يىراق قاچىمىز.

ۋاھالەنكى ئۇلار ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنى كۆرۈشتىن قورقاتتى. توغرا،ئەشۇ ئىنگىلىز ۋە فىرانسوزلار تۈركلەرنى كۆرسە تىترىشىپ كېتەتتى. ھازىرچۇ؟ساشا:‹‹بۇ ئامىرىكىلىق››دەيدۇ. يەنى:‹‹بۇنىڭدىن قورق،بۇنىڭغا باش ئەگ››دېمەكچى!. بۇ ئامىرىكىلىق،بۇ روسىيەلىك،بۇ ئەنگىلىيەلىك..................بۇلار ئىلگىرى بىر كۇنلەردە ناھايىتى خار كىشىلەر ئىدى.موسكىۋامۇ مۇسۇلمانلارغا ساق ئىككى يۇزيىل جىزيە تۆلىگەن.ساق ئىككى يۇزيىل سوۋىت بىرلەشمىسىنىڭ زېمىنى ئىسلامى ياكى ئىسلامى دۆلەتكە بويسۇنىدىغان ئىدى. لېكىن.....

**‹‹ئۇلار كەتكەندىن كېيىن(ئۇلارنىڭ)ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى،نەفسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشتى،ئۇلار(قىيامەتتە)گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.››** (سۇرە مەريەم 59 ـ ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ سۇرتىدۇركى،ھەقىقى مۇسۇلمان ئەمەس. سەن يۇز روپىيە پۇلنى رەسىمگە تارتىپ بازارغا ئاپارساڭ بىر تىيىنغا ئەرزىمدۇ؟ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇسۇلمان ئەمەس،بەلكى ھەقىقى مۇسۇلمانلارنىڭ سۇرتىدۇر.

**‹‹ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار(يەنى ئاياللار،كېسەللەر ۋە ئاجىزلار)بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى››**

اللە ئەززە ۋە جەللە ئۇلارنى ئەيىپلەشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە كىچىك باللار ۋە ئاياللار بىلەن قېلىشنى راۋا كۆردى. خۇددى قۇرئان كەرىم دەۋاتىدۇكى:‹‹ئىسلام دىيارلىرى كاپىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتسا، سىلەرنىڭ ئاياللار ۋە باللار بىلەن قېلىشىڭلار سىلەر ئۇچۇن ئەيىپ ئەمەسمۇ؟مۇسلىمە ئاياللارنىڭ يۇز ئابرويلىرى ھەممە جايدا دەپسەندە قىلىنىۋاتسا، خۇددى ئاياللاردەك مۆكۈنىۋېلىشتىن ھايا قىلمامسىلەر؟......››

خۇددى ئىبنى مۇبارەك تەسۋىرلىگەندەك:

مۇسۇلمانغا جىم يېتىش كېلەمدۇ توغرا ؟،
مۇسلىمەلەر بولسا ئەگەر دۇشمەن قولىدا.
توۋلاپ كەتسە رەسۋالىقتىن قورققان ھەمشىرە،
تۇغۇلمىغان بولساقكەن دەپ بۇ دۇنياغا.

بۇ يەردە ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بىر مۇسىبەت بار. يەنى اللە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى پىچەتلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتنى بىلەلمەيدۇ. چۈشەنمەيدۇ. قەلبلىرى ئۆلۈپ كەتكەن. ـ اللەقا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز! ـ بۇ ئەگەر سىلەر قايتىپ بارساڭلار سىلەرگە مىڭ ئۆزرە بايان قىلىپ، مىڭ قەسەملەرنى ئىچىدۇ. چۈنكى ئۇلار اللەقا خىيانەت قىلدى. ئاندىن ئۇلار ئىنسانلىرنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەيدۇ. مۇناپىقلار نېمىدىگەن خار! قورقۇنچاقلار نېمىدىگەن خارـ ھە! قورقۇنچاقلار جىھادقا چىقىشتىن قاچىدۇ. مانا بۇ نىفاقنىڭ بىر ئالامىتى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹‹كىمكى جىھاد قىلماي، ۋە ئۆزىنى جىھادقا تەييار قىلماي ئۆلسە مۇناپىقلىقنىڭ بىر شېخى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ.››

**‹‹ئۇلارنىڭ يېنىغا(يەنى مەدىنىگە تەبۇك غازىتىدىن)قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەردىن(غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا)ئۆزرە بايان قىلىدۇ،(ئى مۇھەممەد!)ئۇلارغا:«ئۆزرە بايان قىلماڭلار،سىلەرنىڭ(سۆزۈڭلارغا)ئىشەنمەيمىز،اللە سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى(ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى)بىزگە خەۋەر قىلدى،اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ(بۇنىڭدىن كېيىنكى)ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر؟ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟)،ئاندىن كېيىن (يەنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن)،يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى(اللە)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر،اللە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ››دېگىن››ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا،ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن(يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)،اللە بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار(يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)،ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر،قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.››**

(سۈرە تەۋبە 94 ـ 95 ـ ئايەتلەر)

مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى قەسەمنىڭ كۆپ بولىشىدۇر. اللە تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلاردىن مۇناسىۋەت ئۈزۈشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندە: ‹‹ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار، سۆزلەشمەڭلار.›› دېگەن ئىدى. سەن ‹‹نىجىس››دېگەن سۆزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىن. بىرەرسىدە نىجاسەت بولسا، ياكى

سىسىپ كەتكەن مىۋە بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرالامسەن؟ شۇنىڭدەك مۇناپىقلاردىن يىراق تۇرىشىڭ كېرەك.چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىمۇ نىجىس،ئەمەللىرىمۇ نىجىس.........

‹‹**سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن،ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار(بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)،چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ**›› (سۈرە تەۋبە 96ـ ئايەتلەر)

الله ئەكبەر!....ئى هۆرمەتلىك كىشى!سەن كىمنى رازى قىلماقچى؟ئىنساننى رازى قىلماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇ يەرشارىدىكى ناهايىتى كىچىك زەررىچە! ئەگەر سامان يولى سىستىمىسىدىن قارايدىغان بولساڭ بىزياشاۋاتقان قۇياش سىستىمىسىنى كۆرەلمىگىلى تاس قالىسەن.قۇياش يەرشارىدىن قانچىلىك چوڭ؟ ئىنساننىڭ نىسبىتى قانچىلىك كېلەر؟......لېكىن سەن مۇشۇ ئىنساننىڭ رازىلىقىنى ئىزدەۋاتىسەنۇ،ئاسمان ـ زېمىن ۋە پۈتكۈل يۇلتۇزلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن.ئىنساننى رازى قىلىسەن،بۇ ئىنساننىڭ رەببىنى تەرك ئېتىۋاتىسەن!.........

ئى الله بىزدىن رازى بولغىن!بىز سەندىن مەمنۇن بولىمىز.ئى ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بىزگە غەزەپ قىلمىغىن!ئى الله بىز سەندىن سېنىڭ رازىلىقىڭنى ۋە جەننەتنى سورايمىز.ساڭا سېغىنىپ سېنىڭ غەزىپىڭدىن ۋە دوزاختىن پاناهلىق تىلەيمىز.ئى الله سەن بىزنى سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلغىن!.........

ئى قېرىنداشلار:

الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن،بىلىپ قويۇڭلاركى،ئىسلام جەمئىيىتى جىهادسىز ياشىيالمايدۇ.بۇ دىن جىهادسىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ.جىهاد لائىلاهە ئىللەللاهۇ،مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت.ئۇ ناماز،روزا،زاكات ۋە ھەجلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.......

بىلىپ قويۇڭلاركى،مۇشۇ كۈنلەردە دۈشمەنگە قارشى جىهاد قىلىش خۇددى ئىبنى تەيمىيە ئېيتقاندەك ئىماندىن كېيىنلا ۋاجىپ بولىدىغان ئىشتۇر.ئەۋۋەل ئىمان،ئاندىن تاجاۋۇزچىغا قارشى تۇرۇش.....

بىلىپ قويۇڭلاركى،هاراق ئىچكەنلەرنىڭ،جازانە يىگەنلەرنىڭ گۇناهى جىهادنى تەرك ئەتكەنلەرنىڭ گۇناهىدىن يەڭگىل....

بىلىپ قويۇڭلاركى،ساغلام تۇرۇپ،قەستەن رامىزاندا روزا تۇتمىغانلارنىڭ گۇناھى جىھادنى تەرك ئەتكەنلەرنىڭ گۇناھىدىن يەڭگىل. چۈنكى روزىنى تەرك ئېتىش ئۆزەڭگە زىيان كەلتۈرىدۇ. لېكىن جىھادنى تەرك ئېتىش پۈتۈن ئۇممەتكە زىيان ئەكىلىدۇ. بۇمۇ ھارام،ئۇمۇ ھارام. ئالىملارنى ئىتتىپاقى بىلەن ئەگەر جىھاد يۈز بېرىپ قالسا،روزىنى،نامازنى ئازراق كەينىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەج قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ئەسىردىن كېيىن مەككىگە كىرىشنى ئىرادە قىلىپ:‹‹سىلەر دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر،ئېپتار قىلىش سىلەرنىڭ كۈچلۈك بولىشىڭلارغا پايدىلىق،ئېپتار قىلىۋېلىڭلار.››دېدى-دە،ئەسىردىن كېيىنكى شۇ ۋاقىتتا قاچىنى ئېلىپ سۇ ئىچتى باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچتى. رەسۇلۇللاھ بەزىلەرنىڭ ئېپتار قىلمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا: ‹‹ئۇلار ئاسىيلار!››دېگەن ئىدى.......

سەن جىھادنى تەرك ئېتىشنى ئويۇن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟جىھادنى پەلسەپە سۆزلەش دەپ گۇمان قىلىۋاتامسەن؟. سىلەر تېخى باشقىلارغا:‹‹سېنىڭ بۇيەردە تۇرىشىڭ جىھاد ئۇچۇن سېنىڭ ئافغانىستانغا بېرىشىڭدىن پايدىلىق....... دەۋاتىسىلەر؟ بۇنى قايسى دىندىن،قايسى كىتابتىن ئۆگەندىڭلار؟ سىلەر دەلىل قىلىۋاتقان ھەدىس ياكى ئايەتنى ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ قېنى؟ بەزى كىشىلەر بەك بىچارە،خۇددى ئۇلار ئەقىللىرىنى يوقىتىپ قويغاندەك پالانى شەيخ، پالانى ئالىمنىڭ قېشىغا بېرىپ:‹‹مېنىڭ ئافغانىستانغا بېرىشىمغا قانداق قارايسىز؟››دەپ سورايدۇ. ئاندىن بۇ كىشى ئۇنىڭغا:‹‹ئى بالام سېنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ بالىلارنى تەربىيەلىشىڭ ئەۋزەل،سەندىن بالىلارنىڭ ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم بىلىم ئېلىشى ئەۋزەل......››دەيدۇ.

**‹‹ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۇچۇن(يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلىدۇ)،ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!››**(سۈرە نەھلى 25-ئايەت)

سەن رەببىڭگە ئىبادەت قىلىش ئۇچۇن كىمدىن رۇخسەت سوراۋاتىسەن؟سەن بامدات نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭ،

ئاتا ـ ئاناڭدىن، تەشكىلاتىڭنىڭ رەھبىرىدىن ۋە ياكى مەسجىدنىڭ ئىمامىدىن رۇخسەت سورامسەن؟ ئالەملەرنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىنساندىن رۇخسەت سوراش كېرەك، دېگەن كىمكەن ئۇ؟..... بىز بۇنى تونۇمايمىز. مۆئمىن ‹‹**(جىهادقا)چىقىڭلار**››دېگەن اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان قۇراللىرىنى ئېلىپ جىھادقا چىقىدىغان. لېكىن سەن:‹‹ئانام نارازى،دادام كېسەل،تاغام چارچاپ قاپتىكەن،ئۇستازىم ماڭا مۇشۇ يەردە قېلىش پايدىلىق دېگەن........››دەۋاتىسەن. بۇ قانداق سۆز بولۇپ كەتتى. بىز اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئىنسانلارغا تۇتقۇزۇپ قويالمايمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:‹‹اللەقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ مەخلۇققا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.››جىھادنى تەرك ئېتىش ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن مەئسىيەت ھېساپلىنىدۇ. سەن ئىنسانغا ئىتائەت قىلىپ،ئىنساننىڭ رەببىگە ئاسىيلىق قىلىۋاتىسەن. دېمەك سەن بۇ ئىنسانغا ئىبادەت قىلىۋاتىسەن.

**‹‹ئۇلار(يەھۇدى ناسارالار) اللەنى قويۇپ ھېربىلىرنى،دىنى ئۆلىمالىرىنى (ئۇلارغا ھەرقانداق ئىشتا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق)رەب قىلىۋالدى.››**

بىز بىلەن تاغۇت ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دەل مانا مۇشۇ. ئىسلامى ھەركەتلەر پەقەت بىرلا سەۋەپ ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ. يەنى اللەنىڭ ھەققىنى اللەقا قايتۇرۇش. تاغۇتلار اللەنىڭ قانۇن بەلگىلەش،ئۇبۇدىيەت ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. قانۇن چىقىرىش،ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تاغۇتلاردىن تارتىۋېلىپ اللەقا قايتۇرۇش بىردىن ـ بىر سەۋەپ. ماۋۇ پەرز،ماۋۇ سۈننەت ياكى ماۋۇ مۇنداق دېيىش ھوقۇقى پەقەت اللەنىڭ ئەلچىسىگە خاس. قايسى ئىنساننى رەسۇلۇللاھ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويىمىز؟. ئۇلارغا بۇ ھوقۇقنى كىم بېرىپتىكەن؟. ‹‹ئانام بۇ ئۈممەتنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلىيەلەيدۇ.››دەۋاتقانلار قانداق كىشىلەر بۇ؟سەن ئاناڭغا،داداڭغا ئىتائەت قىلىمەن دەپ تۇرىۋالساڭ،جىھادنى كىم قىلىدۇ؟....... كىشىلەر اللەنىڭ دىنىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ بەندىلەردىكى ھەققىنى تونۇمايۋاتىدۇ. جىھادنىڭ قىممىتىنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مائاشىنىڭ بىر دىنار ئۆسۈشى ئافغانىستاندىن قايتىشتىن ياخشى. ئۇلارنىڭ شۇ مىڭ نەچچە رىياللىق

خىزمىتى ئافغانىستان ۋە ئافغانىستان ئەھلىدىن،ھەتتا ئىسلامى دۆلەت قۇرۇشتىن ياخشى. ئىسلامى دۆلەت دېگەن نېمە؟سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟. . . . . . . .

ھېچقانداق كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىش ھوقۇقى يوق! بىلىپ قويغىنكى قېرىندىشىم،الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، جىھادنى بىكار قىلىش اللەنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق بىر پەرىزنىڭ بىكار قىلىنغىنىدىن ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.الله دەرگاھىغا نامازنى تەرك ئېتىپ بارغان كىشى بىلەن جىھادنى تەرك ئېتىپ بارغان كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوق.

ئىبنى رۇشىد مۇنداق دەيدۇ:‹‹مۇسۇلمانلانىڭ ئەمىرىگە گەرچە ئۇ پاسىق بولسىمۇ،مەئسىيەتكە بۇيرۇمىسىلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ.لېكىن مەئسىيەتكە بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.پەرىز جىھادنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇشمۇ مەئسىيەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.بۇ ئىشتا ھېچ كىشىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.›› ئەگەر ساڭا دادىڭ،ياكى ھاكىم ياكى بىرەر شەيىخ جازانە قىلىشىڭغا پەتىۋا بەرسە قوبۇل قىلامسەن؟شۇنىڭ بىلەن جازانىدىن بىر دەرھەم يېيىشىڭ جايىز بولۇپ قالامدۇ؟.ئەگەر ساڭا دادىڭ:‹‹بالام بىزگە ياردەم بىرىش ئۈچۈن روزا تۇتمىغىن.››دېسە ساڭا پەرىز روزىنى تەرك ئېتىش توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر ساڭا يەنە:‹‹بالام ساقىلىڭنى چۈشۈرۋەت!.بولمىسا سېنى خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىمدۇ.›› دېسە ساڭا ساقالنى ئېلىۋېتىش جائىز بولامدۇ؟. . . . . .

سېنى ئەشۇ ئالىملىرىڭنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىر نەچچە كىچىك باللارغا قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن قالدىمۇ دەيلى. سەن ئاشكارە ھالدا كىشىلەرگە مەسجىدلەردە قۇرئان ئوقۇپ بېرەلەمسەن؟ دەرھال ئۈچ ـ تۆت ئىشپىيون كېلىپ بولىدۇ. سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭ چوڭ جىنايەت ھېساپلىنىپ كۇكۇلاڭدىن تۇتقانچە سۆرەپ ماڭىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەرچۇ؟ ساقىلىڭنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قارىشىدۇ.ئايالىڭنىڭ ھىجابىنىڭ ئۇزۇق قىسقىلىقىمۇ چوڭ بىر مەسىلە!. . . . . . .ئىشلار مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.شۇڭا نۇرغۇن ئىشلاردا سەل ئىگىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.بۇنداق ئىشلار كۆپەيسە پەرىشتىلەر نېمە دەيدۇ؟ساڭا پەرىشتىلەر:‹‹**دىنىڭنىڭ ئىشىدا قايسى ھالەتتە ئىدىڭ؟**›› دەپ سورىسا،سەن:‹‹**بىز زېمىندا(دىننى بەرپا قىلىشتىن توسۇلغان)بوزەك قىلىنغان ھالدا ئىدۇق.**›› دەيسەن.ئۇلار ساڭا: ‹‹**اللەنىڭ زېمىنى**

**كەڭرى ئەمەسمىدى. ھىجرەت قىلساڭ بولماسمىدى؟.››**دەيدۇ. بىز اللەتىن جاۋاپىنىڭ بۇنداق بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز: **‹‹ئەنە شۇ(ھىجرەت قىلمىغانلارنىڭ)بارار جايى جەھەننەمدۇر،ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي ھە!››** ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:‹‹شۈبھىسىزكى،ئاجىزلىق اللەنىڭ ئالدىدا ئۆزرە بولالمايدۇ. چۈنكى ئاجىزلىقنىڭ ئۆزىلا قۇرئاننىڭ ئوچۇق ئايىتىنىڭ دەلىلى بىلەن جەھەننەمگە دۇچار قىلغۇچى سەۋەپتۇر.››

**«ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم!مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭرىدۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.»**(ئەنكەبۇت 56 ـ ئايەت)

اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى. ئەگەر سەن ئۇيەردە سىقىلساڭ،اللە ساڭا نۇرغۇن ماكانلارنى ئېچىپ بېرىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى زېمىنىنىڭ بىر پارچە يېرىدە تىقىۋالىسەن؟. خۇددى سەن بۇ شىركەت ياكى ئىشخانىلاردىن ئايرىلساڭ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك،پەقەت مۇشۇ يەردە ياشاپ،ئۆلۈشنى ئويلاۋاتىسەن؟. سېنىڭ رەببىڭ بولغان اللە سېنى ھەرگىز زايا قىلمايدۇ. ئىتقا تائام بېرىۋاتقان زات سېنىمۇ ئاچ قويمايدۇ. . . . . . . »

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ.

**«بەزى كىشىلەر مۆئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش،كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش،اللەقا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد سالدى. ئۇلار:«بىز پەقەت ياخشىلىقلىنىلا ئىرادە قىلدۇق.»دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ. اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى،ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.»**(تەۋبە 107 ـ ئايەت)

ئەگەر سەن :«پالانى رۇخسەت قىلغان. بىز پالانى شەيىختىن سورىغان ئىدۇق. پالانى پەتىۋا بەردى.»دەۋاتامسەن. سىلەر پەتىۋا سوراۋاتقان بۇ كىشى كىم ئۆزى؟. ئۇ ئافغانىستانغا كەلگەنمۇ؟. ئافغان جىھادىنىڭ رىئاللىقىنى كۆرگەنمۇ؟. ئۇ ئافغانىستاننىڭ چېگراسىنى بىلەمدۇ؟. ياكى سىلەر ئافغانىستاننىڭ ئاسىيادىمۇ، ئافرىقىدىمۇ ياكى ياۋرۇپادا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىدىن سوراۋاتامسىلەر؟!. ئەمىلىيەتتە ئۇلار ئۇقمايدۇ. اللە بىلەن قەسەمكى،مەن كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى چوڭ شەيىخلەرنىڭ بىرىدىن پەتىۋا سورىغان بىر ئۇنئالغۇ لىنتىسىنى ئاڭلىغان. ئۇلار بۇ جىھاد توغرىسىدا سورايدۇ. بۇ شەيىخ :«بۇ

جىھاد پەرز ئەيىن. لېكىن ئافغانىستاندا جىھاد قىلىشقا قانداقمۇ قادىر بولالايسىلەر؟. ھاكىمىيەتنىڭ كۆزىدىن يىراقراق بولغان بىرەر لاگېرنى تېپىپ تەربىيەلىنەلەمسىلەر؟. ئافغانىستانغا كىرىشكىلار مۇمكىنمۇ؟. ياكى چېگرادىلا قوغلىنامسىلەر؟. سىلەر روسىيەنىڭ تانكىلىرىغا پىچاق ۋە خەنجەرلەر بىلەن قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايسىلەر؟. ئاخىرى بېرىپ سىلەر ئافغان قوشۇنىغا يۈك بولۇپ قالىسىلەر.» ئۇنىئالغۇ لېنتىسى مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەردى. ئاخىرى ئولتۇرغانلاردىن بىرى: «مەن دوختۇر. مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن ئافغانىستانغا بارماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. شۇنداقمۇ؟.» دېدى. ئۇ شەيىخ: «مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان كىشى بۇ سوئالغا جاۋاپ تاپالايدۇ.» دېدى. ئۇ كىشى: «مەن سىزدىن ئوچۇق ئاڭلىماقچى. مەن زادى بارايمۇ؟ بارمايدۇ؟.» دېدى. ئۇ شەيىخ: «بارما!» دېدى.......... مانا بۇ ئۈنئالغۇ لىنتىسى نەشىر قىلىنىپ دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا ھەقسىز تارقىتىلدى.

مانا بۇ شەيىخمۇ مەسجىدى زىرارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇنىڭدەك بەزىدە بىر كىشى ياكى بىرەر جامائەتمۇ مەسجىدى زىرار بولۇپ قالىدۇ.

مەسجىدى زىراردا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر شەھەردە بىرەر مەركەز ياكى مەسجىد بولسا، بىرەر كىشى كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پارچىلاش ئۈچۈن مەسجىد سالغان ياكى ئىسلامى مەركەزلەرنى قۇرغان بولسا مانا بۇ مەسجىدى زىراردۇر. مىسىردىمۇ ھۆكۈمەت ئىسلامى ھەركەتنىڭ قىسىملىرىغا ئوخشاش بولغان ۋەقپە ۋازارەتلىرىنى قۇرغان. ئۇنىڭدا سىرت بىلەن ئالاقە قىلىش قىسمى، مۇساپىرلار قىسمى، مەسجىدلەر قىسمى، دەۋەتنى تارقىتىش قىسمى قاتارلىق قىسىملار بار بولۇپ، بۇ دەل ئىخۋانۇل مۇسلىمىندىن نەقىل قىلىنغان قىسىملار ئىدى. مانا بۇ مەسجىدى زىراردۇر. ۋەقپە ۋازارىتىمۇ بەزى چاغدا مەسجىدى زىرارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق شارائىتلاردا ئۇنىڭدا خىزمەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. بىرەر شەھەردىكى مۇسۇلمانلار مەلۇم ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋا بېرىشىگە رازى بولۇپ تۇرغان بولسا، ھۆكۈمەت بۇ ۋاقىتتا پەتىۋا كومىتېتى تەسىس قىلغان بولسا، مانا بۇ پەتىۋا كومىتېتى مەسجىدى زىرار بولغان بولىدۇ. ھازىر ئىراق ۋە موسكىۋالاردا قۇرۇلغان ئىسلامى قۇرۇلتايلارمۇ مەسجىدى زىرارغا ئوخشايدۇ. چۈشىنىشلىكمۇ؟. چۈنكى بۇ

قۇرۇلتايلار ئارقىلىق اللەنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنمىغان. ئىراقتا قۇرۇلغانلىرى ھۆمەيىنگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. توغرا بىز ھۆمەيىنگە قارشى تۇرىمىز. لېكىن سادامنىڭ ئىسلامى قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىدىمىزنىڭ ھەركەتلەندۇرىشى بىلەن قارشى تۇرىمىز......»

بىز باشتىمۇ بىر قۇر بايان قىلىپ قويغاندەك، اللەنىڭ دىنىغا قىيىن پەيتلەردە ياردەم بېرىش ھەربىر مۆئمىننىڭ ئىمانى بۇرچى. بۇ توغرىسىدا بىزلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن شانلىق نەمۇنىلەر قالغان بولۇپ، اللە بۇلارنى بۇيۇك كىتابىدە ياد قىلىش ئارقىلىق، تا ھازىرغىچە بىزلەرگە كۆرسەتمە بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. تەبۇك غازىتى مەزگىلىدىكى قىيىن شارائىت توغرىسىدا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«اللە ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا)ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، اللە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اللە ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**

دوكتۇر ئابدۇللاھ ئەززام بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«بۇ قىيىنچىلىق مەنىۋى ۋە ماددى قىيىنچىلىق ئىدى. كىشىلەر قاتتىق سىناق ۋە قەھەتچىلىك ئىچىدە قالغان. ھاۋامۇ ناھايىتى قىززىق ئىدى. سەن بىر ساھابىنىڭ ئاران ئىككى سا خورمىسى بار بولۇپ، بىر سا خورمىنى غازات ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ باق!. بىر سا دېگەن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى يېرىم كىلو. بۇ ساھابە ئەبۇ ئۇقەيىل ئىدى. مۇناپىقلار ئۇنى: اللە سېنىڭ بىر سا خورماڭدىن بىھاجەت. دەپ مازاق قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللە ئەززە ۋە جەللە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

**«(مۇناپىقلار) مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىپلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، اللە ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»**(سۈرە تەۋبە 79 ـ ئايەت).

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار!. اللە ئەززە ۋە جەللە بىر سا خورما ئۈچۈن

قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەت نازىل قىلدى. ئىككى يېرىم كىلو خورما ئۈچۈن! . الله بۇ پەقىر، ئىخلاسمەن، سادىق بەندىسىگە ياردەم بەردى. ئەبۇ ئۇقەيىل سەدىقە قىلغان بۇ بىر سا خورما الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ نەزىرىدە يۈزمىڭ سا خورمىدىن ئەۋزەل بولىشى مۇمكىن.

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر دەرھەم يۈزمىڭ دەرھەمدىن ئارتۇق بولىدۇ.». ساھابىلەر: «قانداقسىگە؟.» دەپ سورىغاندا: «يېنىدا پەقەت ئىككى دەرھەم بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ ئەجرى كۆپ مېلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۈزمىڭ دەرھەم سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن ئارتۇق بولىدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆتمىڭ دەرھەم ئېلىپ كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قېشىمدا سەككىزمىڭ دەرھەم بار ئىدى. بۇنىڭ يېرىمىنى ئەھلىمگە قالدۇرۇپ، بۇ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم.» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ساڭا ئەھلىڭدە ۋە مېلىڭدە بەرىكەت بەرسۇن.» دېدى. مۇناپىقلار بولسا: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ بۇ پۇلنى پەقەت رىيا قىلىپ ئەكەلدى.» دېيىشتى. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناپىقلار پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپ كىشىلەرنى ئەيىپلەيدۇ. بىرەركىممۇ ئۇلاردىن سالامەت قالمايدۇ. ئۇلار پەقەت كىشىلەرنى ئەيىپلەش، توسۇش، پىتنە تارقىتىش، كىشىلەرنىڭ نىيەتلىرىگە تۆھمەت قىلىش ئۈچۈنلا ئولتۇرىشىدۇ. كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى رىياخور دەيدۇ. ئاز سەدىقە قىلغۇچىلارنى: الله بۇنىڭدىن بىھاجەت. دەيدۇ. دېمەك ئىنسانلارنى رازى قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. مۇناپىقلار ۋە ھەسەتخورلارنى رازى قىلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.

تەبۇك غازىتى مەزگىلى ھەقىقەتەن قاتتىقچىلىق بولغان. ئاشلىق كۆپلىگەن ساھابىلەرگە يېتىشمەيتتى. چۈنكى ئۇلار ئوتتۇزمىڭ كىشى ئىدى. سۇۋەيلىم ئىسىملىك بىر يەھۇدى كېچىلىرى مۇناپىق سۆھبەتداشلىرىنى يىغىپ: ئۇ(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى)رۇملۇق سېرىق تەنلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماقچىمۇ؟. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ئەتە رۇملۇقلارغا ئارغامچىلاردا باغلانغان ھالدا ئەسىر چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتىمەن. ئۇ رۇمنىڭ جاللادلىرىنى ئەرەبنىڭ ئۇرۇشقاقلىرىغا ئوخشاش دەپ گۇمان قىلىپ قاپتۇ. دېدى.

مۇناپىقلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ بىرى بولغان جەددە ئىبنى قەيس ئەڭ قەبىھ ئۆزرىنى بايان قىلىپ كەلدى،ۋە :«يا رەسۇلۇللاھ،مەن ئاياللارغا سەۋر قىلالمايمەن.مەن ئۆزەمنىڭ رۇمنىڭ ئاياللىرىنى كۆرگەندە،سەۋر قىلالماي گۇناھ قىلىپ سېلىشىمدىن قورقىمەن.شۇڭا ماڭا ئىزنى بەرسەڭ.»دېدى.

مۇشۇنداق قىلىپ مۇناپىقلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرى مەدىنىدە تارقىلىشقا باشلىدى.لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا پەرۋا قىلمىدى.ئۇ تەييارلىق قىلىۋەردى.مۇسۇلمانلارنى جىھادقا قىززىقتۇرىۋەردى.سەمىمى مۆئمىنلەر ئۆزىنىڭ سەمىمىيىتىنى كۆرسەتتى.

ئەبۇ ئۇقەيىل ئۆزىدىكى ئىككى سا خورمىنىڭ يېرىمىنى ئەكەلدى.زەيد ئىبنى ئەلبە كىچىسى يىغلاپ:«ئى رەببىم! سەن جىھادقا ئەمىر قىلغان ئىكەنسەن.لېكىن مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق.مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى.ئۇ مېنى جىھازلىغىلى ھېچ نەرسە تاپالمىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن ئى رەببىم! مەن مۇسۇلمانلارغا مېنىڭ ئابرويىم ۋە ماللىرىمنى ئېلىۋالغان بارلىق كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىشنى سەدىقە قىلدىم.»دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار مەيلى ھېكايە ئېيتسۇن،مەيلى تۆھمەت قىلسۇن،بىز بەربىر ئافغانىستانغا بېرىپ جىھاد قىلىمىز.بەزىلەر پۈتنى مىنگەشتۇرۇپ تۇرۇپ:«ئى بالام!،مەن ساڭا نەسىھەت قىلاي.بارما!.»دەۋاتىدۇ.نېمىشقا دەپ سورىساڭ:«ئۇيەردىكى ئامرىكا بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش،بۇنى مەن بەزى ئىشەنچىلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغان.شۇڭا بۇ يەردە ئولتۇر.»دەيدۇ.ئەگەر سەن يەنە:«نېمىشقا؟»دەپ سورىساڭ: «سەن مۇشۇ يەردىمۇ ئىنقىلاپ ئۈستىدە،سەن بۇ يەردە پايدىلىق.بىز الله خالىسا زېمىندا ئىسلامى دۆلەت قۇرىمىز.پات يېقىندا قۇرۇلىدۇ.»دەيدۇ.الله بىلەن قەسەمكى،ئۇلار چۈش كۆرىۋاتىدۇ.ئىسلامى دۆلەتنى جىھاد قىلماستىن،قان تۆكمەستىن،قۇربانلىق بەرمەستىن قۇرۇشنى ئويلايدىغانلار الله بىلەن قەسەمكى،چۈش كۆرىۋاتىدۇ.بەزىدە كىشىلەر چۈشىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ.لېكىن بۇلار ئۆزىنىڭ چۈش كۆرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.بۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى مېنىڭ ئىككى ياشلىق بالامنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئوخشايدۇ.بىز ئايروپىلانغا چىققان ۋاقىتتا،بالام

ماڭا:«دادا! سەن نېمىشقا بىز ئۈچۈن ئايروپىلان سېتىۋالمايسەن؟!.»دېگەن ئىدى.مانا بۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىشى ئىسلامى دۆلەتنى جىھادسىز ۋە قانسىز قۇرۇشنى ،پەلەستىننى ھەربىرى ئالتە ئاتار ئېتىشنى مەشىق قىلماستىن قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ بىلىشى بىلەن ئوخشاش.قاتار،كۇۋەيت ۋە بەھرەيىندە نۇرغۇن پەلەستىنلىكلەر بار.ئەگەر بىرەر پەلەستىنلىك بۇ يەرگە كېلىشنى ئىرادە قىلىپ قالسا،ئۇلار:«ئى قېرىندىشىم!سەنمۇ پەلەستىنلىكمۇ؟.سەن پەلەستىننى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟.سەن ئافغانىستاندا تىجارەت قىلىپ،پەلەستىننى ئۇنتۇمسەن؟.» دەيدۇ. ئۇنداقتا سەن پەلەستىن ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟.يىگىرمە يىللار ئۆتتى،سەن ئوتتۇرا دېڭىز قولتۇقىدا سېسىپ ياشاپ نېمە قىلدىڭ؟.ئەمدى بىر پەلەستىنلىكنىڭ ئافغانىستانغا كېلىپ تەربىيەلىنىپ،قورال ئېتىشنى،مۇسۇلمانىنىڭ غازاتلىرىنى ئۆگىنىپ،ئەتە ئۇممىتىگە ئەسقاتىدىغان بولۇپ چىقىشى ھارامىمۇ؟......»

**«جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ اللە قوبۇل قىلدى.شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان،ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان،ئۇلار اللەقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ اللەنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى.ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن،اللە ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى.اللە تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر،(بەندىلىرىگە)ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (سۈرە تەۋبە 118 ـ 119 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئۈچ كىشى كەئب ئىبنى مالىك،ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مۇرارەتۇ ئىبنى رەبىئلار ئىدى.بۇلارنىڭ ناھايىتى تەسىرلىك بىر قىسسى بار.بۇ ئۈچەيلەن تەبۇك غازىتىغا چىقماي قالغان سەكسەن نەچچە مۇناپىقلار قاتارىدا ئۆيلىرىدە قېلىپ قالدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،ئادىتى بويىچە مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدۇ.شۇ ئارىلىقتا مۇناپىقلار مىڭ ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ كەلگىلى تۇردۇ.كەئب ئىبنى مالىك بۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇكتىن قايتقان خەۋرى ماڭا يەتكەندىن كېيىن مېنى غەم بېسىۋالدى.يالغان ئېيتىپ قۇتۇلۇشنىمۇ ئويلاپ قالدىم.لېكىن ئاخىرى بۇگۈن قۇتۇلغان بىلەن ئەتە قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى

ئەسلەپ،راست ئېيتىشنى قارار قىلدىم.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ،مەسجىدتە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن،كىشىلەرگە قاراپ ئولتۇردى.مۇناپىقلار كېلىپ يالغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلغىلى تۇردى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى.ئۇلارنىڭ سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلدى ۋە ئىستىغپار تىلىدى.ئىچكى سىرلىرىنى بولسا اللە تاپشۇردى.ماڭا نۆۋەت كەلگەندە،ماڭا:«سېنى نېمە جەڭدىن توسۇپ قويدى.» دېدى.مەن:«يا رەسۇلۇللاھ!،ئەگەر مەن ھازىر سەندىن باشقا ھەرقانداق بىر دۇنيا ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام،ئەلۋەتتە ئۇنىڭ غەزىپىدىن ئۆزرە ئېيتىپ قۇتۇلغان بولاتتىم.لېكىن مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى،بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدا يالغان ئېيتسام،سەن مەندىن رازى بولسەن،لېكىن اللە ماڭا غەزەب قىلىدۇ.اللە بىلەن قەسەمكى،مېنىڭ ھېچقانداق ئۆزرەم يوق.اللە بىلەن قەسەمكى،مەن بۇ قېتىمقى جىھادتىن قېلىپ قالغان ۋاقتىمدىكىدىن كۈچلۈك بولۇپ باقمىغان.» دېدىم.رەسۇلۇللاھ:«بۇ راست سۆزلىدى.اللە ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇچە كۈتۈپ تۇر.»دېدى.مەن قوپۇپ چىقىپ كەتتىم.بەنى سەلىمەدىن بولغان بىرنەچچە كىشى ماڭا ئەگىشىۋالدى.ۋە:«اللە بىلەن قەسەمكى،سېنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلمەيمىز.باشقىلار ئۆزرە ئېيتقاندەك ئۆزرە ئېيتىشتىن ئەجەب ئاجىز كەلدىڭغۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساڭا ئىستىغپار ئېيتىشى گۇناھىڭغا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟.»دېيىشتى.ئۇلار ماڭا تەنە قىلىۋېرىپ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ يالغان ئۆزرە ئېيتىشنى ئويلاپ قالدىم.ئاندىن:«بۇ ئىشتا ماڭا ئوخشاش دېگەنلەر بارمۇ؟.»دەپ سورىدىم.ئۇلار مۇرارەتۇ ئىبنى رەبىئ ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە لەرنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى.شۇنىڭ بىلەن مەن گېپىمدە تۇرىۋەردىم.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچەيلەنگە سۆزلەشتىن بارلىق كىشىلەرنى مەنئى قىلدى.كىشىلەر بىزدىن يىراقلاشتى.مەن بىز ئۈچەيلەننىڭ ياشراقى بولغاچقا نامازغا ۋە بازارلارغا چىقتىم.لېكىن ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايتتى..........»

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈچۈن ھاياتىدا ئەڭ تەس ئۆتكەن ئەللىك كۈنلۈك جازا يۈرگۈزۈلدى.ئاخىر اللەئەززە ۋەجەللە بۇ سەممىي مۆئمىنلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا ئايەت

چۈشۈرۈپ،ئۇلارغا ھاياتىدىكى ئەڭ شىرىن دەقىقىلەرنى ئاتا قىلدى. بىزنىڭ بۇيەردە دىمەكچى بولغىنىمىز شۇكى،ئۇتتۇزمىڭ كىشى قاتناشقان بىر جەڭدىن قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىگە اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرنىڭ ئارالاشماسلىقىدەك بىر يىتىم قويۇش جازاسى بېرىلگەن. بىز مانا بۇ جازانى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا تەدبىقلايدىغان بولساق ئەھۋال نىمە بولۇپ كېتەر؟. ھالبۇكى ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇجاھىدلارنى ياردەمسىز قويۇشتا ھەرخىلكى،بەزىلىرى ئەشۇ مۇناپىقلار كەبى يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرىدە شۇ مۇناپىقلاردىكى ئىنساپمۇ يوقكى،بۇ جىھادنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ جىھادتىكى مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا ئويلانمايۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق چۈشەنچە ۋە ئەمەلدىكى قاشاڭلىق بىزلەرنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويىۋاتىدۇ.

اللە تائالانىڭ:

**‹‹مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس(ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)،ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنى بىر تۈركۈمى دىنى ئالىم بولۇپ،ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كىيىن،قەۋمىنىڭ اللەدىن قورقۇشى ئۈچۈن،ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا(ئىلىم تەلەپ قىلىش قىلىشقا)چىقمىدى؟››**دېگەن ئايىتى توغرىسىدا

بۇ ئايەتنى بەزى كىشىلەر ئىلمىنىڭ ئازلىقىدىنمۇ ياكى قەلبىدىكى كېسەلنىڭ كۈچىدىنمۇ ئىمانى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىغا دەلىل قىلىۋالدى. لېكىن بۇ ئايەت ھەرگىزمۇ بەزىلەر چۈشەنگەندەك مەزمۇن ۋە كۆرسەتمىلەرنى بەرمەيدۇ. بۇ ئايەتنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنىلا ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ چۈشەندۈرىشىگە قۇلاق سالايلى:

«بۇ ئايەت مۇئمىنلەر توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىھادقا چىقمايدۇ. ئۇلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ،بىر قىسمى ئۆيلىرىدە قالىدۇ. يەنە بىر قىسمى جىھادقا چىقىدۇ. لېكىن بۇ ھۇجۇم قىلىش جىھادىدا شۇنداق بولىدۇ،لېكىن قوغدىنىش جىھادىدا بۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى جىھاد ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ كاپىرلارنىڭ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلىش،بۇ تەلەپ جىھادى بولۇپ،پەرىز كۇپايىدۇر. پەقەت ئەمىر بۇ ۋاقىتتا بارلىق كىشىلەرنى جىھادقا چاقىرسا،ئاندىن جىھاد پەرز ئەيىن بولىدۇ. تەبۇك

غازىتىگە ئوخشاش.

2 ـ قوغدىنىش جېڭى :ئەگەر كاپىرلار بىزنىڭ زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كىرسە،جىھادقا كېلەلەيدىغان ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرىز ئەيىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرى ۋە يۈز ـ ئابرويىغا دەخلى قىلىشتىن قايتۇرۇلسا،باشقا كىشىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن«مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسى جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس.» دېگەنلىك مۇسۇلمانلار ئۆز شەھەرلىرىدە خاتىرجەم بولغان كۈنلەردە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا جىھاد پەرز كۇپايە بولىدۇ. ئالىملار جىھادنىڭ پەرز كۇپايە بولۇشىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى توغرىسىدا:«مۇسۇلمان رەھبەرلىرىنىڭ كاپىرلارغا يىلدا بىر ،ئىككى قېتىم قوشۇن ئەۋەتىشى كېرەك.»دېگەن. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا پۈتۈن ئۇممەت گۇناھكار بولغان بولىدۇ. چۈنكى پەرز كۇپايە ئۇممەتتىن ساقىت بولمايدۇ. يەنى بارلىق ئىسلام يۇرتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ،ئىسپانىيە،بۇخارا،تاشكەنت، تاجىكىستان، سىبىرىيە،پەلەستىن. تۈركىستان. . . . . . . .قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردىمۇ،مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى يىلدا ئاز دېگەندە بىر ئىككى قېتىم ئامرىكا،ئەنگلىيە. . . .لەرگە قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن،ئۇممەت گۇناھكار بولغان بولىدۇ. ھازىر بارلىق ئىسلام يۇرتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىمۇ؟.

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ بىر غېرىچ يېرى بېسىۋېلىنىدىكەن،ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. جىھاد قوغدىنىش جىھادىغا ئايلىنىدۇ. قوغدىنىش جېڭى شۇ جايدىن كاپىرلارنى چىقارغۇچىلىك پەرز ئەيىن بولىدۇ. ئەگەر شۇ جايدىكىلەر جىھادتىن ئولتۇرىۋالسا،ھورۇنلۇق قىلسا ياكى يېتىشمىسە،جىھادنىڭ پەرز ئەيىنلىكى يېقىن جايدىكى كىشىلەرگە بولىدۇ. ھەتتا كاپىرلار چىقىرىلغۇچە جىھاد پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغىچىلىك پەرىز ئەيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىھادنى تەرك ئېتىش خۇددى ناماز،روزىنى تەرك ئېتىشكە ئوخشاش. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىر كىشى قاتتىق سوغۇقتا پەرز كۇپايە جىھادىغا چىقسا نامازنىڭ بەزى پەرىزلىرىنى ئادا قىلالماسلىقتىن قورقسا،ئۆيدە قالامدۇ؟. دەپ سورالغاندا،جىھادقا چىقىدۇ. دەپ جاۋاپ بەرگەن. ھەج قىلمىغان كىشى پەرز كۇپايە بولغان جىھاقا چىقىشى كېرەكمۇ ياكى ھەج قىلىشقىمۇ دەپ سورىغاندا، جىھادقا چىقىش دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇلار

ئىبنى تەيمىيە،ئىبنۇ ئابىدىن،نەۋەۋى،رەملى،ئىبنى جەيىن ۋە ئىبنۇ مۇفلىھ. . . . .قاتارلىق ئالىملارنىڭ جەڭ بىركۈن داۋاملاشسا بىر نەچچە كۈن توختايدىغان زامانلارغا بەرگەن پەتىۋاسى.لېكىن ھازىر جەڭ نەچچە ئون يىللاپ داۋاملىشىۋاتىدۇ.ئايروپىلانلار يەرشارىنى كۈندە تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ.ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يۇرتقا ئوخشاش بولۇپ قالدى.جىھادنىڭ پەرزلىكىدە مىسىردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان بىلەن پەلەستىندە ياشاۋاتقان،ھىندونېزىيەدە ياشاۋاتقان ۋە ياكى ئافغانىستاندا ياشاۋاتقان مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوق.بىز جىھادنىڭ پەرز ئەيىنلىكى توغرىسىدىكى پەتىۋانى چىقارغان ۋاقتىمىزدا نۇرغۇن ئالىملار بۇ ئىش توغرىسىدا شىكايەت قىلىشقان ئىدى.مەن بۇ پەتىۋانى ئىبنى بازغا كۆرسەتكەندە ئۇ بۇنى ئوقۇدى ۋە كۈچلەندۈردى.ۋە:«سۆزۈڭ ناھايىتى توغرا ۋە ئورۇنلۇق بولۇپتۇ.بۇنى قىسقارتىپ ئەكەل.بىز ئۇنىڭغا ئىمزا قويايلى،ئاندىن ئۇنى تارقىتايلى.»دېگەن ئىدى.كىيىن مەن ھەج بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالدىم.شەيخ بىن باز رىيازغا كەتتى.مەن پاكىستانغا كەتتىم.لېكىن مەن بۇ پەتىۋانى قىسقارتقاندىن كىيىن،شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن،ئۆمەر سەيىف،مۇھەممەد نەجىب مۇتىئى ۋە سەئىد ھەۋۋالارغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم.ئۇلار بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى ۋە جىھادنىڭ پەرز ئەيىنلىكىگە ئىمزا قويۇپ بەردى.بۇنىڭ بىلەن بىز بىرىنچى قەدەمنى تاماملىۋالدۇق.يەنى بۇ مەسىلە كىشىلەرنىڭ زىھنىلىگە نەزىرىيە جەھەتتىن بولسىمۇ يۆتكەلدى.بۇ بىر تەس باسقۇچ ئىدى.چۈنكى كىشىلەر جىھادنىڭ ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى،ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى،خۇددى ئىبنى تەيمىيە ئېيتقاندەك،لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېگەندىن كىيىنلا جىھادنىڭ زۆرۈرلىكىنى،ئاندىن ناماز،روزا ۋە ھەجلەرنىڭ زۆرۈرلىكىنى،جىھادنىڭ پەقەت ئافغانىستاندىلا ئەمەسلىكىنى،بۇ جىھادنىڭ ئىسپانىيە قولدىن كەتكەن يەتتە يۈزيىلدىن بۇيان پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىگە پەرز ئەيىن بولۇپ كەلگەنلىكىنى،پۈتۈن ئۈممەت جىھاد قىلمايدىكەن گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت يېتىۋالسا سەن ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى.

**«(ئى مۇھەممەد!)اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن.(يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن،ساڭا غەلىبە ۋەدە**

**قىلىنغان،مۇناپىقلارنىڭ جىهادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە.)سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋاپكارسەن. مۆئمىنلەرنى جىهادقا قىززىقتۇرغىن.اللەنىڭ كاپىرلارنىڭ كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر.اللەنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر.اللەنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر.»**(سۈرە نىسا 84- ئايەت)

شۇڭا بىز جىهادقا چىقتۇق.اللەتىن بىزنى مۇستەھكەم قىلىشىنى،بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز ۋە كۈچىمىزنىڭ ئازلىقىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.بىز مۆئمىنلەرنى جىهادقا قىززىقتۇرساق،كىشىلەر غەزەبلىنىپ كەتتى.ئۇلار :«سەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئافغانىستانغا يىغماقچىمۇ؟.سەن دەۋەتچىلەرنى ئافغانىستاننىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟!.سەن ئىسلام دۇنياسىدا بىز تەربىيەلىگەن بالىلارنى روسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھىسابىدىكى جەڭدە ۋەيران قىلماقچىمۇ؟....» دەۋاتىدۇ.ئەجىبا ئافغانىستان ئەركەكلەرگە موھتاج ئەمەسمۇ؟. ئەلۋەتتە موھتاج!. ئافغانىستان پۈلغا قارىغاندا ئەركەكلەرگە بەكراق موھتاج.

مەلۇم بىر رەھبەر شەيخ سەيياف(ئافغان جىهاد رەھبىرى) ئافغان جىهادى ۋە ئۇنىڭ غەلبىلىرى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈۋاتقاندا:«قاھ،قاھ!.سىلەر روسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتامسىلەر؟!.ياق سىلەر روسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلالمايسىلەر.»دەپتۇ.ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ.ئۇ كالىلىسىغا مۇسۇلماننىڭ كاپىر بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى سىغدۇرالمايدىكەن.يەنى ئۇ اللەنىڭ روسىيەدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ھازىر ئافغان جىهادى روسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بارلىق تەڭپۇڭلۇق مۇۋازىنەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.ۋارشاۋا كېلىشىمى،ئاتلانتىس كېلىشىمى...... لارنىڭ كۈچى تۈگىدى.ھازىر لائىلاھەئىللەللاھۇ كېلىشىمى كۈچكە ئىگە.مانا بۇ روسىيەنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.مانا بۇ كېلىشىم روسىيەنى ۋە ئامېرىكىنى تىترىتىۋەتتى.روسىيەگە تاقابىل تۇرۇش ئەمەس بەلكى روسىيەنى خار قىلىۋەتتى.ئافغان مۇجاھىدلىرى روسىيەنى چۈشۈرىۋەتتى.ھەر بىر جەڭدە قېرىق،ئەللىك تانكىلارنى يىنىك قوراللار بىلەن پارتلىتىۋاتقان ئافغان مۇجاھىدلىرىنى كۆرگەن فىرانسىيە ۋە باشقا غەربلىك مۇخبىرلار:«بىز ئافغانىستاندا اللەنى كۆردۇق.»دەپ قايتىشتى......»

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بىز تولا بايان قىلغاندەك جىهادتىن قېلىشقا ھەرقانداق بىر ئىشنى باھانە قىلىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىملارنىڭ بۇ جىهادتىن قېچىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. لېكىن بىز بۇ «ۋارىسلارنىڭ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر ھايات بولغىنىدا نەدە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»بولمىغان بولسا،ئۇلار ئالىممۇ بولمايتتى. بۇ شۆھرەتلەرگە ئىگىمۇ بولالمايتتى. بەزىلەرنىڭ«مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» ئۈچۈن ئالىم بولغان تۇرۇپ،بۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلمايۋاتقانلىقى نېمىدېن دېرەك بېرەر......

**‹‹ئۇلاردىن كېيىن،(يامان)ئەۋلاتلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى،ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل-مېلىنى(ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي،قارىقۇيۇق)ئالىدۇ ۋە بىزنى اللە ئەپۇ قىلىدۇ دەيدۇ. شۇنداق پۇل-ماللار ئۇلارنىڭ قوللىرىغا كەلسە ئۇلار يەنە ئالىدۇ، كىتابتا(يەنى تەۋراتتا)اللەقا(يالغان چاپلىماي)پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ھالبۇكى،ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى. ھارامنى تەرك ئېتىپ،اللەتىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر،بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟››** (سۈرە ئەئراف 169 - ئايەت)

جىهادقا كېلىڭلار!

ئىنسان بىر ئىش قىلماقچى بولسا،ئۇنى چوقۇم ئۆزى چوڭ بىلىدىغان،بىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشىدىن مەسلىھەت سورايدۇ. ۋە شۇ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. بىر ئىنسانغا نىسبەتەن مەسلىھەت بېرىۋاتقىنى،يول كۆرسىتىۋاتقىنى ھەممىنىڭ ئىگىسى،ھەممىدىن بىلىملىك ۋە ئەقىللىق زات اللە بولغان بولسا،ئەھۋال قانچىلىك كەسكىن بولۇپ كېتەر. بىر ئىمانغا تولغان قەلبنىڭ بۇ مەسلىھەتكە ئىشتىياق باغلىماسلىقى،ۋە نەزەر سالماسلىقى، ۋۇجۇدى بىلەن ئورۇنلاشقا تىرىشماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟.

**‹‹ئى مۇئمىنلەر!سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟››**(سۈرە سەپ 10 - ئايەت)

ئى مۆئمىن بۇرادىرىم!،سىز بۇ نىدانى ئاڭلىغان بۇ دەقىقىدە

ئاجىز تەسۋىرلەشكە ھاياجاننى قەلبىڭىزدىكى كېلىۋاتقانسىز ـ ھە! . ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئۆز رەببىڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىنتىزار بولمايدىغان، تەشنالىقتا چاڭقىمايدىغان مۆئمىن بولمىسا كېرەك. قېنى ئۇنداقتا سىزنىڭ ۋە بىزنىڭ، ۋە پۈتكۈل كائىناتنىڭ رەببىنىڭ كۆرسەتمىسىگە تەڭ قۇلاق سالايلى! .

‹‹ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە(چىن)ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار)ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا(تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپىقىيەتتۇر. (سىلەرگە مەرھەمەت قىلىنىدىغان)سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نىئمەت ئاللاھتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبىدۇر، (ئى مۇھەممەد!)مۇئمىنلەرگە(بۇ رۇشەن مەرھەمەت بىلەن)خۇش خەۋەر بەرگىن››(سۈرە سەپ 11 ـ 13 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا مانا بۇ ئايەتتە ئىنسان تەقدىرى ئۈچۈن رازى بولىدىغان ئىشلارنى ئىمان ۋە جىھادنىڭ مېۋىسى دەپ كۆرسەتتى. قايسى بىرىمىز گۇناھ ئۆتكۈزمىدۇق؟! . قىيامەت كۈنى بۇ گۇناھلار سۈرۈشتە قىلىنىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمىز؟! . بىز بەرداشلىق بېرەلەمدۇق؟ . ياق . بۇ رەسۋاچىلىققا ھېچكىم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسا، مانا بۇ بىزنىڭ ئەسلى غايىمىز ئەمەسمۇ؟ . دوزاختىكى ئازابنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا مەڭگۈ قېلىشنى ھەر ئويلىغىنىمىزدا بۇنىڭدىن تەنلىرىمىز شۈركىنەتتى. قانداق قۇتۇلۇش توغرىسىدا تولا ئىزدىنىش قىلاتتۇق. مانا ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھېچ بولمىغاندا دوزاختىن قۇتۇلغانلىقنىڭ خوش بىشارىتى ئەمەسمۇ؟ . تاغۇتلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى خار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈن بولىدىغان بىر كۈنلىرىنى تاما قىلىشاتتۇق. بۇ نۇسرەتنىڭ نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىزدەپ يۈرۈپ مانا بۇ ئايەتتىن تېپىۋالدۇق . پۈتكۈل ئىنسانلار يېتىۋالغان تەقدىردىمۇ، خارلىقتىن جىق تويغان بىزدەك كىشىلەرنىڭ پۈتلىرىمىز ئىختىيارسىز كېتىپ قالماسمۇ؟ .

سۆزىمىزنى ئەڭ ئاخىرىدا اللەنىڭ مونۇ بايانات خارەكتىرلىك ئايىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. اللە تائالا پۈتكۈل ئىمان دەۋاسى قىلىۋاتقانلارغا مۇنداق بايانات ئېلان قىلدى:

**‹‹(ئۇلارغا)ئېيتقىنكى،‹‹(خالىغان)ئەمەللەرنى قىلىڭلار،قىلغان ئەمەلىڭلارنى اللە،اللەنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ،يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا(نەرسىلەرنى)بىلگۈچى(اللە)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرىلىسىلەر.اللە قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ››** (تەۋبە 105 ـ ئايەت)

ئى ئىسلام ئۈممىتى!خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!.
ئى ئىسلام ئالىملىرى! خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!
ئى ئىسلام ئەۋلادلىرى! خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!
ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى! خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!

سىلەر اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىڭلار ياكى بەرمەڭلار.مۇجاھىدلارنى ياردەمسىز تاشلىۋېتىڭلار ياكى ئۇلارغا قېتىلىڭلار.خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!.

سىلەر ھەقىقى ياخشىلىقنى ۋە ھەقىقى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئىزدەپ تېپىپ قىلىڭلار،ياكى يامانلىق ئىچىدىكى ئازغىنە ياخشىلىققا ئالدىنىپ ياشاڭلار.خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!.

تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىڭلار مەيلى قىلماڭلار.ئۇلارنى تىترىتىپ ياشاڭلار ياكى بويسۇنۇپ كېتىڭلار.خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!.

سىلەر كىشىلەرنى جىھادتىن ھەرخىل ئۇسۇل ۋە نىيەت بىلەن توسۇڭلار،ياكى مۆئمىنلەرنى جىھادقا قىززىقتۇرۇڭلار.يەنىلا خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار.

خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!.سىلەرگە تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن.لېكىن پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تاللىيالايسىلەر.

سىلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭلارنى.نېمىنى ئىختىيار قىلغانلىقىڭلارنى سىلەرنىڭ رەببىڭلار كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھېچقايسىسىنى كېمەيتمەستىن قىيامەت كۈنى ئالدىڭلارغا قويىدۇ.

سىلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭلارنى پەيغەمبەر كۆرىدۇ.قىيامەت كۈنى اللە ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ قويىدۇ.

سىلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭلارنى مۆئمىنلەر كۆرۈپ

تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تارىخ سىلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىڭلارنى بىر- بىرلەپ خاتىرلەپ،كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆرسىتىدۇ. تا قىيامەتكىچە لەنەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان نامىڭلارنىڭ بولىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟!.

ئاخىر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرىلىسىلەر. قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. سىلەر چىرايلىق سانىغان قىلمىشىڭلاردىن بىر- بىرلەپ ھىساپ بېرىسىلەر. بۇ كۈندە قانداقمۇ قىلارسىلەر؟!. . . . . . . . . . . . . . . .